
# مىللەت ۋە دىن

2006.2

新疆民族宗教

(ئىچكى ماتېرىيال، ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)



مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى سەھىپىسى

● ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 24 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى

مىللەتلەر تەنتەربىيىسى

● مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تەييارلىق خىزمىتى يىغىنىدا سۆز قىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى كۆرۈنۈشلىرى




ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى 2006 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئىسمائىل تىلىۋالدى، ئەسقەت كېرىمباي، نۇربەكرى، فۇچياڭ، لى يى، شاۋكەت ئىمىن، ۋاڭ ۋېي قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. (لىيۇتوڭ فوتوسى)




ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. (ۋاڭ ۋېيشېڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە يىغىن ئاخىرلىشىش ئالدىدا خۇلاسە سۆزى قىلدى. (ۋاڭ ۋېيشېڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي خۇلاسە يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. (ۋاڭ ۋېيشېڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنىدا سۆز قىلدى. (لىيۇتوڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى (ئوڭدىن 2 - كىشى) ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجىنچياڭ (ئوڭدىن 3 - كىشى) بىلەن سۆھبەتلەشتى. (ۋاڭ ۋېيشېڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن يىغىن ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. (ۋاڭ ۋېيشېڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي (ئوڭدىن 2 - كىشى) گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدا. (لىيۇتوڭ فوتوسى)

# مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا ئىناق جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ

**يى ئەن**

جۇڭخۇا مىللىتى نەچچە مىڭ يىللىق كۈرەش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئورنىدىن دەس تۇردى ھەمدە سىياسىي جەھەتتىكى مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئەمەلىيەتتە، سىياسىي جەھەتتىكى مىللەتلەر باراۋەرلىكى مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى مەسىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئېلىمىزدە مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئالدى بىلەن ھەرقايسى ئادەملەر بىرلىكىنىڭ، نوپۇسى كۆپ ياكى ئاز بولۇشىدىن، ئولتۇراقلاشقان تېررىتورىيىسى چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىن، تىل ـ يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشىمايدىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بىردەك باراۋەر بولىدىغانلىقىنى، ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇپ، ئوخشاش مەجبۇرىيەتنى ئۆتەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشىمىغان مىللەتلەر ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتىكى پەرق بىلەنلا يۇقىرى ـ تۆۋەن دەپ ئايرىلمايدۇ. ھوقۇق مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. سىياسىيدىن تاكى ئىقتىسادقىچە، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەتتىن تاكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە مىللەتلەر بىردەك كەڭ ھوقۇقتىن بەھرىمان بولىدۇ. بۇ ھوقۇقلار بارلىق مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنىڭدەك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئالاھىدە ھوقۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەيدىغان، ئۆز نېسىۋىسىگە ئىگە بولىدىغان ھەمدە ئىناق بىللە ئۆتىدىغان جەمئىيەت قۇرۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. بىز قۇرماقچى بولغان ئىناق جەمئىيەت دېموكراتىك، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان، ئادىل، ھەققانىي، سەمىمىي، دوستانە، ھاياتىي كۈچكە تولغان، ئادەم بىلەن تەبىئەت ماسلاشقان جەمئىيەت، ئۇنىڭ يادروسى ئادەمنى ئاساس قىلىپ، ئادەملەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر.

ئىناق جەمئىيەتنىڭ سىرتقى شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئىناق ئۆتۈشى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق ئۆتۈشىدىن ئىبارەت «ئىككى ئىناقلىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئىناق ئۆتۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ، مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ باراۋەرلىك ئاساسى بولمىسا، بارلىق ئىناقلىقتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. ئويلاپ باقساق بولىدۇ، ئەگەر مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا پەقەت بەزى مىللەتلەر، بەزى قاتلامدىكىلەر، بەزى پۇقرالار ئالاھىدە قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولسا، دېموكراتىك، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان جەمئىيەت قۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ؛ ئەگەر مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىكى ئورنىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئادىل، ھەققانىي جەمئىيەت بەرپا قىلىشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ؛ ئەگەر مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا، بىر قىسىم كىشىلەر، بىر قىسىم قاتلامدىكىلەر باشقىلاردىن، باشقا قاتلامدىكىلەردىن ئۈستۈن تۇرسا، زامانىۋىلاشقان ئىجتىمائىي ئىناۋەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشقا، پۇتكۇل جەمئىيەتتە سەمىمىي، دوستانىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇمكىن بولمايدۇ، پۈتكۈل خەلقنىڭ باراۋەر، دوستانە، ئىناق ئۆتۈشىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ؛ ئەگەر مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا ئەمگەكنى، بىلىمنى، ئىختىساسلىقلارنى، ئىجادىيەتنى ھۆرمەت قىلىدىغان، كىشىلەرنى ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىشلىشىنى قوللايدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرگىلى بولمايدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولغان ئىجادىيەت ئارزۇسىنى ھۆرمەتكە، ئىجادىيەت پائالىيىتىنى قوللاشقا ئىگە قىلغىلى، ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرغىلى، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، جەمئىيەتنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئەگەر مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا، خەلق ئىچىدىكى، مىللەت بىلەن مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىدىغان يېڭى مېخانىزمنى تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ، ھەقىقىي ئۇنۇملۇك بولغان جەمئىيەتنىڭ سىگنال بېرىش سىستېمىسىنى تۇرغۇزغىلىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا ئىناق جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ.

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) باشقۇرۇشىدىكى ژۇرنال

# مىللەت ۋە دىن

(قوش ئايلىق ژۇرنال)

2006 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي 58 - سان)

(ئىچكى ماتېرىيال، ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدۇ)

تەھرىر ھەيئىتى تەركىبىدىكىلەر

بەخرىي مۇدىرى: لىيۇ جېنچياڭ

مۇدىرى: ھاپىز نىياز

دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

خې جۇڭدې، ئابدۇرېشىت نىياز

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:

شۇ شىجې، قىسامادىن

چۆ جې

ئەزالىرى: ئۆركىنقان ساتىبىباي، ئادىر، ئادەي، غېنى ھېلىم، مەتنىياز روزى، ياقۇپ ئۆمەر، ئابلىكىم قېيۇم، ھەمدۇللا توقسۇن، ئابلىتىپ ئاقموللا، ئابدۇغوپۇر قادىر، لىيۇ دۇك، غۇلام ئىبراھىم، ما ۋېنشىن، مامۇر قاجى، سۇ لەيچى

## مۇندەرىجە

### باش بەت

مىللەتلەر باراۋەرلىكى بولمىسا ئىناق جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . يى ئەن

### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 24 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى. . . . . . . . . . 1

### ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى

ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت - دىن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلايلى. . . . . . . . . . . . . . لىيۇ جېنچياڭ 5
ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەت، دىن خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلايلى. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ھاپىز نىياز 20
مەملىكەت بويىچە دىن خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ «4 - بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 25
ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەت بويىچە دىن خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ «4 - بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەنگەنلەر ئىسىملىكى. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 26
2005 - يىللىق مىللەت، دىن ئىشلىرى ئۇچۇر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس، مۇنەۋۋەر ئۇچۇرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار. . . . . . . . . . . 27
ئاپتونوم رايوننىڭ 2005 - يىللىق مىللەت، دىن ئىشلىرى ئۇچۇر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر. . . . 28
2005 - يىللىق «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلىغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار. . . . . . . . . . . . . . 29

### مىللەتلەر تەنتەربىيىسى

ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ 1 - قېتىملىق تەييارلىق خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز. . . . . . . . . . . . . جاپپار ھەبىبۇللا 30

### مىللەتلەر مائارىپى

ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا مائارىپ ئاساس. . . . . . . . . . ئادىلە ئەنەيتوللا 35

## مىللەت ، دىن خىزمىتى مۇنبىرى

يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەت ، دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش ھەققىدە بىر قانچە تەسەۋۋۇر . . . . . . . مۇختەر ھېيت 38
دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى مۇھىم ئاساس ( ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ھەققىدە قايتا مۇھاكىمە ) . . . . . . . . . . . . . . . دىڭ يوڭ 41

## تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش ، تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ، لاياقەتلىك دىنىي خادىملار قوشۇنىنى تەرىشىپ قۇرۇپ چىقايلى. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . ( خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ) 43
دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ «خرىستىئان دىنى ۋە كاتولىك دىنى»نىڭ بىنورمال تەرەققىياتىنى توسۇش جەريانىدا ئىشلەنگەن خىزمەتلەر. . . . . . . . . . . . . . . . . . ( ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ) 49

## مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرى

شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى. . . . . . . . . . . 54

## مىللەت ، دىن خىزمىتى خاتىرىسى

شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى خاتىرىسى. . . . . . . . . . . 57

«مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى تەھرىراتى

مەسئۇل مۇھەررىر : گې فېڭجياۋ
مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر :
قۇربان مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر : مەھمۇد ئىنايەت
مۇنەۋۋەر ئابدۇللا ، كۆلەيخان
لى فېڭباۋ ، فاڭ رويۇ ، باغدار
ليۇ توڭ

ئادرېسى : ئۈرۈمچى شەھىرى چياڭجۈن
ياڭ يولى 1 - نومۇر
پوچتا نومۇرى : 830000
تېلېفون نومۇرى : 5860308 (0991)
باسقۇچى ئورۇن : ئۈرۈمچى لوڭيىندا
باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتى
بېسىلغان ۋاقتى : 2006 - يىل 5 - ئاي
ئىچكى گېزىت - ژۇرناللار ( ژۇرنال
شەكىللىك ) نى بېسىشقا رۇخسەت
قىلىش نومۇرى : 0206

مۇقاۋىدا : دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى دېجۇ ( ئوتتۇرىدا ) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا ( ئوڭ تەرەپ ) بىلەن كۆرۈشتى ، سول تەرەپتىكىسى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇ شىمىن

لۇ جيەن فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە : ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى كۆرۈنۈشلىرى

ۋاڭ ۋېيشېڭ قاتارلىقلار فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە : مىللەت ، دىن خىزمىتى سۈرەتلىرى

لۇ جيەن ، ما گوفېن قاتارلىقلار فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە : كومىتېت ( ئىدارە ) ئورگىنىمىزنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتى ئالبومى

ليۇ توڭ فوتوسى

قىستۇرما بەتتە :

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىدىن كۆرۈنۈشلەر

جياڭ يىشىن فوتوسى

مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا بورتالا ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى

جياڭ يىشىن فوتوسى

ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى تارماق يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر

ۋاڭ ۋېيشېڭ قاتارلىقلار فوتوسى

《新疆民族宗教》编委会

名誉主任：刘振强
主　　任：阿比孜·尼亚孜
常务副主任：贺忠德
阿不都热西提·尼牙孜
副主任：许世杰　何沙木丁　确杰

编　　委：乌尔肯汗·沙特尔拜、阿德尔、阿岱、艾尼·艾力木、买提尼牙孜·肉孜、牙合甫·吾买尔、阿不力克木·克尤木、安木都·托克逊、阿不力提甫、阿不都吾甫尔·卡德尔、刘东、吾拉木丁、马文新、马木尔哈志、苏来琦

《新疆民族宗教》编辑部
（维吾尔文）
主　编：葛丰交
副主编：库尔班·买买提
编　辑：马合木提、米娜瓦尔
库来汗、李风波
房慈恩、巴格达
刘　彤

《新疆民族宗教》

2006年第2期（总第58期）
地　址：乌鲁木齐市长江路1号
邮　编：830000
传　真：(0991)5840665
电　话：(0991)5849920
(0991)5860308
印　刷：乌鲁木齐隆益达印务有限公司
出版日期：2006年5月
准印证：新疆内部资料（刊形）
准印证0206号

# 目　录

**卷首语**
没有民族平等就没有和谐社会　易安

**民族团结教育月活动专栏**
自治区党委自治区人民政府关于深入开展第二十四个民族团结教育月活动的安排意见　(1)

**自治区宗教工作会议专栏**
团结奋进　求实创新　开创我区民族宗教工作新局面　刘振强(5)
认真贯彻自治区宗教工作会议精神　确保民族宗教各项任务的全面落实　阿比孜·尼亚孜(20)
国家宗教事务局《关于表彰全国宗教工作系统"四五"普法工作先进集体和先进个人的决定》及我区受表彰名单　(25)
关于表彰2005年度自治区民族宗教信息工作先进集体、先进个人的决定　(27)
关于表彰2005年度《新疆民族宗教》组稿先进集体和优秀通讯员的决定　(29)

**民族体育**
在自治区第六届少数民族传统体育运动会第一次筹备工作会议上的讲话　贾帕尔·阿比布拉(30)

**民族教育**
在少数民族地区，教育是全面建设小康社会的基础　阿迪拉·艾乃吐拉(35)

**民族宗教工作论坛**
关于做好新形势下民族宗教工作的几点思考　莫合塔尔·艾依提(38)
密切联系信教群众是爱国宗教团体履行职责的重要基础
——再论充分发挥爱国宗教团体的作用　丁雍(41)

**调研与交流**
狠抓爱国宗教人士培养培训工作　努力建设一支合格的宗教教职人员队伍　和田地区民宗委(43)
依法加强对宗教事务的管理　遏制"两教"非正常发展　阿克苏地区民宗委(49)

**民族宗教工作信息**
新疆组团参加全国少数民族文艺会演筹备工作全面展开等14则　(54)

**民族宗教工作纪事**(2006年1~2月)　(57)

**封面**
国家民委主任李德洙(中)会见自治区副主席贾帕尔·阿比布拉(右)图左为国家民委副主任吴仕民　陆健摄

**封二**
自治区宗教工作会议剪影　王卫胜等摄

**封三**
民族宗教工作掠影　陆健、马国芬摄

**封四**
委(局)机关精神文明创建工作剪影　刘彤摄

**插页**
自治区民运会筹备工作紧锣密鼓　姜亦新摄
贾帕尔·阿比布拉副主席在博州调研　姜亦新摄
自治区宗教工作会议民宗委主任分组会剪影　王卫胜等摄

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 24 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى

(2006 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)

بۇ يىل 5 ـ ئاي ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 24 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى . ئاپتونوم رايون بويىچە ھەممەيلەن پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى، پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ج ك پ ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ 11 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانىدىكى كۆرەش نىشانىغا يېتىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، 24 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە . يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ، 24 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى تۆۋەندىكىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى:

## بىرىنچى، يېتەكچى ئىدىيە

ئاپتونوم رايوننىڭ 24 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى تىكلەش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يېتەكچى، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش، ئورتاق بەرپا قىلىش»نى ئاساسىي تېما، «ئارمىيىنىڭ خەلقنى سۆيىدىغانلىقى، خەلقنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتىدىغانلىقى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئازادلىق ئارمىيىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى مەدھىيىلەش»نى مەركىزىي مەزمۇن قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە خۇلاسىلاش، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» جەھەتتە كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتكە كېلىش، ئىلغار تىپلارنى تەقدىرلەش، ئاپتونوم رايونىمىز يېرىم ئەسىردىن بۇيان «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلەرنى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ 50 نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشلىرىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنت ئەسكەرلەرنى قىزغىن سۆيگەنلىكىدەك سەمىمىي قەلبى ۋە تەسىرلىك ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدىكى ئىلغار تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەر قەلبىنى ئويغىتىش، جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇش، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش؛ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى مۇھىتىنى يارىتىشنى كۈچلۈك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەك.

## ئىككىنچى، ئاساسىي پائالىيەتلەر

بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدىكى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش، ئورتاق بەرپا قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پائالىيەتنى ياخشى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1 ـ ئۆكتەبىر ھارپىسىغىچە تۆۋەندىكى پائالىيەتلەرنى مەركەزلىك تەشكىللەپ قانات يايدۇرىدۇ.

### (1) سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىش

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ 24 ـ

قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلىدۇ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىمۇ مۇھىم سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنىڭ شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتىنى خۇلاسىلايدۇ، يېڭى دەۋردىكى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە 24 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**( 2 ) تېپلارنى تەشۋىق قىلىشنى ياخشى تۇتۇش**

① 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى مۇخبىرلىرى جايلارغا ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا بېرىپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدىكى چوڭ ـ چوڭ تېپلارنى مەركەزلىك زىيارەت قىلىدۇ، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەر بېرىدۇ؛ 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ بېشىغىچە، ئاپتونوم رايوندىكى ئىككى گېزىت، ئىككى ئىستانسىدا ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىشقا دائىر تەجرىبە خاراكتېرلىك ماقالىلەر ۋە ئوبزورچى ماقالىلىرى بېسىلىدۇ، ئاڭلىتىلىدۇ؛ 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى تەشۋىق قىلىش، خەۋەر قىلىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ.

② ئاپتونوم رايونلۇق مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى «شىنجاڭنى تەسىرلەندۈرگەن ئون شەخس» دېگەن تېمىدا تېپلارنى تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تىكى تېپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون چوڭ تېپىك شەخسنى ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىدۇ.

**( 3 ) سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈش**

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى بىرلىكتە «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرىدۇ، تەسىراتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە سۆزلەيدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يېڭى تەسەۋۋۇرى، يېڭى تەدبىرلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىدۇ.

**( 4 ) سەييارە دوكلات بېرىشنى تەشكىللەش**

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمى باش بولۇپ، جايلار، ئورۇنلار قاتلاممۇ قاتلام تاللاپ چىققان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەردىن بىر قىسمىنى تاللاپ، ئاپتونوم رايونلۇق «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تىكى نەمۇنىلىك ئىش ـ ئىزلاردىن دوكلات بېرىش ئۆمىكىنى تەشكىللەيدۇ، ئۇنىڭ قارمىقىدا شۆبە ئۆمەك تەسىس قىلىنىدۇ، ئۆمەك ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، ئالىي مەكتەپلەر، چوڭ كارخانىلار، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە ۋە شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملارغا بېرىپ سەييارە دوكلات بېرىدۇ.

**( 5 ) تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىش**

1 ـ ئاۋغۇست ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ نامىدا «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئېچىلىپ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، ئارمىيە ۋە يەرلىكتە مەيدانغا كەلگەن «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلىنىدۇ.

**( 6 ) «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» كېچىلىكى ئۆتكۈزۈش**

1 ـ ئوكتەبىر ھارپىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ نامىدا «ئارمىيىنى ھىمايە

قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش» ئاساسىي تېما قىلىنغان چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## ئۈچىنچى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئورۇنلار بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىدە، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» ئاساسىي تېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئايلىق خىزمەتلەر ئارقىلىق يىللىق خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، «كەڭ كۆلەمدە خۇلاسىلاش، كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش، كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتكە كېلىش، كەڭ كۆلەمدە تەقدىرلەش» تەۋسسۇرى ۋە تەلىپى بويىچە تۈرلۈك تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتىنى پۇختا، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش»قا دائىر ئەمەلىي ئىشلارنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەپ، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك.

### ( 1 ) كەڭ كۆلەمدە خۇلاسىلاش

50 يىلدىن بۇيانقى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ ئۆتۈپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۇتۇقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، تەسەۋۋۇرنى راۋانلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

### ( 2 ) كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش

ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەسەۋۋۇردا يېڭىلىق يارىتىش، مەزمۇننى بېيىتىش، ۋاسىتىسىنى ياخشى تۇتۇش، بولۇپمۇ قاتلاممۇ قاتلام كۆرسىتىش، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش»تىكى تىپلارنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، دوكلات يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش، مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەش، كىنو ھەپتىلىكى ئۆتكۈزۈش، ئويۇن قويۇش، سۈرەتلەر كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇش، تاختاي گېزىتى مۇسابىقىسى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش، مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە ھەر مىللەت كادىرلىرى، ئاممىسىنى كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» قويۇق كەيپىياتى يارىتىپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» تەشۋىقاتىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، ئۇنى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش، ئورتاق بەرپا قىلىش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدىكى ياخشى ئۇسۇل، ياخشى تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

### ( 3 ) كەڭ كۆلەمدە ھەرىكەتكە كېلىش

بۇ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش، ئورتاق بەرپا قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەركىزىي ھالقا. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئورۇنلار شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش، ئۇلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشى كېرەك. «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش» جەھەتتە ساقلانغان مەسىلە ۋە ئاجىز ھالقىلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، مەسىلىلەرنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىش؛ ھەربىيدىن قايتقانلار، كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈش، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى ئامال قىلىپ ياخشى ھەل قىلىپ، ئوفىتسېرلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىش؛ تىرىشىپ شارائىت يارىتىپ، تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەرنى دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرى بويىچە مۇۋاپىق ھەل قىلىش كېرەك. قىسقىسى، قاتلاممۇ قاتلام سەپەرۋەر قىلىش، ئورتاق ھەرىكەتكە كېلىش ئارقىلىق، «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش» خىزمىتىنى ياخشى، ھەقىقىي ئىشلەپ، « ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

### ( 4 ) كەڭ كۆلەمدە تەقدىرلەش»

«ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنى خۇ-

لاسلاش ئاساسىدا، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە تەڭ ھەرىكەتكە كېلىش، ھەر مىللەت ئاممىسى ۋە قىسمىدىكى جەڭچىلەر ئارىسىدىكى سۆيۈشكە، ھۆرمەتلەشكە، ئىشىنىشكە، ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىلغار تىپلارنى قاتلاممۇ قاتلام مەيدانغا چىقىرىپ، زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش ھەمدە ئۇلارنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈش، تەربىيىلەش كېرەك.

## تۆتىنچى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش

( 1 ) تونۇشنى ئۆستۈرۈش، كۈچ-ئۇل قويۇپ تەشكىللەش كېرەك. بۇ يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى چوڭ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسلىق رەھبەر ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەسئۇل رەھبەر كونكرېت مەسئۇل بولۇش، مەسئۇل تارماقلار ماسلاشتۇرۇپ تەشكىللەش، ئالاقىدار تارماقلار زىچ ھەمكارلىشىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

( 2 ) «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدىكى تىپلارنى كۆرسىتىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. جايلار «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىدىكى تىپلارنى كۆرسىتىمىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، پۇختا ئىشلەپ، ئىش ئىزلىرى گەۋدىلىك، ئامما ئىشىنىدىغان، كىشىنى ئەڭ قايىل قىلىدىغان نەمۇنىچى كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى ھەقىقىي تۈردە مەيدانغا چىقىرىپ، تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەتتە ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىدىغان، ئىلغارلاردىن بولۇشقا تىرىشىدىغان ياخشى جامائەت پىكرى كەيپىياتى يارىتىشى كېرەك.

( 3 ) ياخشى ئىش، ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. جايلار، ئورۇنلار پائالىيەتنىڭ كۈچىنىش نۇقتىسىنى قىسىملارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە قارىتىپ، قىسىملار ئۈچۈن سەمىمىيلىك بىلەن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ئەمەلىي چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ قىسىمنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرگە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىللىق مېھرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇش، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىنىڭ پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

( 4 ) ئايلىق خىزمەتلەر ئارقىلىق يىللىق خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. جايلار «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» پائالىيىتىنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىش، ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇش، كۆپ خىل شەكىلدە پۇختا، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئەمەلىي خىزمەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بىلەن، پائالىيەتنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇشنى ئۇزاق ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمى بەرپا قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتى نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

( 5 ) تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى ماسلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى پائال، ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ھەرىكەتچان تەشۋىق قىلىش، تىپلارنى تەشۋىق قىلىش، پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇشنى ئەتراپلىق پىلانلاش، كۆڭۈل قويۇپ يولغا قويۇش، يېڭىلىق يارىتىشقا، بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، پائالىيەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى جىپسىلاشتۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن خەلق ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيىدىكى «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان پائالىيەتلەرنى پۇختا، جانلىق ئېلىپ بېرىش، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

جايلار، ئورۇنلار 24 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى ۋە ئۇسۇل، تەجرىبىلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىگە ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك.

# ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت ـ دىن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلايلى

لىيۇ جېنچياڭ

(2006 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى )

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مىللەت ـ دىن خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ، ئاپتونوم رايون مەخسۇس دىن خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىنغا ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قاتناشتى. تۈنۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش شاۋكەت ئىمىنمۇ مۇھىم سۆز قىلدى . بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم سۆزىدە، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت زور تارىخىي ۋەزىپە يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى تارىخىي يۈكسەكلىك نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزگە نىشان كۆرسىتىپ بېرىلدى. بىز چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئومۇمىيلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنى، مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى نازارەت، ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۆگىنىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2005 ـ يىللىق مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، 2006 ـ يىللىق تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى، مەركەز دىن خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ھازىر مەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، 2005 ـ يىللىق خىزمەتلەر ۋە 2006 ـ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دوكلات قىلىپ ئۆتىمەن.

## بىرىنچى، 2005 ـ يىللىق خىزمەتلەر توغرىسىدا

2005 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يېتەكچىلىكىدە رايونىمىزنىڭ مىللەت ـ دىن ئىشلىرى خىزمىتىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ «ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش»تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىسى پۇختا ئىگىلىنىپ، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى، مەملىكەتلىك دىن خىز-

مىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى زىچ چۆرىدىلىپ، مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېگەن ئىدىيە پۇختا تىكلىنىپ، پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دىن ئىشلىرى قانۇن بويىچە كۈچەيتىلىپ، مىللەتلەر، دىنلار ۋە جەمئىيەت ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيەت مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، خېلى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

**1 ) كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر، پۇختا قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈملەرنى قولغا كەلتۈردۇق.**

بۇلتۇر ئالدىنقى يېرىم يىلدا، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىدا ۋە ئورگىنىمىزدا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش تەربىيىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆگىنىش، سەپەرۋەر قىلىش؛ ئانالىز قىلىش، باھالاش؛ ئۆزگەرتىش، ئۈستۈرۈشتىن ئىبارەت ھەرقايسى باسقۇچتىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدۇق. ئىلغارلىق تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، كوممۇنىستىك غايىمىز ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشەنچىمىز يەنىمۇ چىڭىدى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئاڭلىقلىقىمىز ۋە قەتئىيلىكىمىز كۈچەيدى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭىنى تېخىمۇ پۇختا تۇرغۇزدۇق، پارتىيە گورۇپپىسىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئورگان ئىستىلىدا روشەن ياخشىلىنىش بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مىللەت - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئىلغارلىق تەربىيىسى جەريانىدا «ئىككىنى كېچىكتۈرمەسلىك، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈش»تە چىڭ تۇردى، ئىدىيە، تەشكىل، ئىستىل ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

ئىلغارلىق تەربىيىسى پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزدا پارتىيە ئىستىلى پاكلىق قۇرۇلۇشى تەربىيىسى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى، «مەدەنىي ئورۇن»، «بەشتە ياخشى پارتىيە ياچېيكىسى»، «لاياقەتلىك خىزمەتچى ئائىلىسى»، «ئىچكى قىسىمدا ساپانى ئۈستۈرۈش، تاشقى جەھەتتە ياخشى ئوبراز تىكلەش» پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى. كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ئورگىنىمىز 2005 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن»، مەملىكەت بويىچە ئاممىۋىي تەنھەرىكەت خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، مەملىكەت بويىچە دىن خىزمىتى سىستېمىسىدىكى «4 - بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۈچ تۈر خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان ئەزا ئورۇن، ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

**2 ) ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىغا دائىر تەشۋىق - تەربىيە سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتتۇق**

بىرىنچىدىن، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندۇق ۋە ئىزچىللاشتۇردۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتگۇرۇپپىمىز پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىش لايىھەسىنى ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدۇق ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم،

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللىدۇق.

ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە پائال قاتناشتۇق. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن تەبرىكلەش پائالىيىتىگە دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ بېرىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلدۇق. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى، مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ھال سوراش، ئويۇن قويۇش ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئون نەچچە يولداشنى ئاپتونوم رايونلۇق تەبرىكلەش ئىشخانىسىدا ئىشلەشكە ئەۋەتتۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى 100 نەپەر نەمۇنىچى شەخس ۋەكىلىنى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدۇق. ھەرقايسى ئەل مۇخبىرلىرى ۋە زىيارەتكە كەلگەن دوستلار بولۇپ 16 تۈركۈم ئۆمەكنى كۈتۈۋېلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنىڭ شىنجاڭدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلدۇق. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ تۈركۈم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى خوتەن، خۇبېي، جياڭشى، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىشتە بولۇشقا تەشكىللىدۇق.

ئۈچىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش قويۇق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈردۇق. پۈتكۈل ئاپتونوم رايوندا 23 ـ قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنىچى شەخس بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مەملىكەتلىك 4 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىشىغا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تولۇق تاماملىدۇق. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچىلار ئىش ـ ئىزلىرىنى دوكلات قىلىش يىغىنىنى ئېچىشىغا زىچ ماسلاشتۇق ۋە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدۇق.

**3) «گوۋۇيۈەننىڭ ‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى يولغا قويۇش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى»، گوۋۇيۈەننىڭ «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەت ۋە دىنغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق**

تەشۋىق ـ تەربىيە، قانۇن ئىجرا قىلىشنى نازارەت قىلىش ۋە قانۇن تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، «گوۋۇيۈەننىڭ ‹مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى يولغا قويۇش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە بەلگىلىمىسى»نى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونغا «بىر قانچە بەلگىلىمە»نى ئىزچىللاشتۇرۇش كونكرېت پىكرىنى سۇندۇق. «4 ـ بەش يىللىق» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، «بىر قانچە بەلگىلىمە»نى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلدۇق. بىر نەچچە يىل تىرىشىش نەتىجىسىدە، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى ھەمدە رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش سالمىقى يەنىمۇ زورايدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە گوۋۇيۈەننىڭ «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمەت يىغىنىنى ئېچىپ، يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە دىن خىزمىتى كادىرلىرىنى تەربىيىلىدۇق. «‹دىن ئىشلىرى نىزامى› كونسۇلتاتسىيە

ئوقۇشلۇقى »نى بېسىپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتە دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى «نىزام» بويىچە تەربىيىلىدۇق. دىن خىزمىتىدىكى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى »غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدۇق.

**4 ) «چېگرىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى» ۋە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردۇق**

چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، چېگرىدىكى ناھىيە، شەھەرلەرنى تەشكىللەپ، چېگرىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى «11 - بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدۇق. «شىنجاڭنىڭ چەت - چېگرا رايونلىرىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى تاماملاپ، دۆلەتنىڭ چېگرىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى «11 - بەش يىللىق» پىلانىنى تۈزۈشنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىدۇق. ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى تۈرىنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ، 2005 - يىللىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى تۈرى پىلانىنى تارقىتىپ، جايلارنىڭ تۈر تەشكىللەش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتتۇق. مىللىي سودا ۋە مىللىيچە بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار - يۆلەك بولۇشقا دائىر تۈرلۈك ئېتىبار سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنى 45 مىليون يۈەنلىك دۆلەت مەبلىغى ياردىمىگە ئېرىشتۇق. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «10 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش مەخسۇس قۇرۇلۇش پىلانى (2006 - 2010 ) »نى تۈزۈپ چىقتۇق. ئاپتونوم رايون تەشكىللىگەن «جۇڭگونىڭ يېزىلارغا يار - يۆلەك بولۇش تېزىسى »نى باھالاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتىگە قارىتا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردۇق. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامرات ناھىيىلىرىدىكى يېزا - بازارلاردا ئىشلەۋاتقان بىرلىك سەپ، مىللەت - دىن خىزمىتى كادىرلىرىغا موتسىكلىت سەپلەپ بېرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدۇق. كەسىپلەر بويىچە ياردەم قىلىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى ئابات بازىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت پونكىتى، دوختۇرخانىسى قاتارلىق تۈرلەرگە مەخسۇس مەبلەغ ئورۇنلاشتۇردۇق.

**5 ) ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردۇق**

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، بېيجىڭ — شىنجاڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «قول تۇتۇشۇپ، قەلبداش بولۇش» يازلىق لاگېر پائالىيىتىنى تەشكىللەش خىزمىتىنى تولۇق تاماملىدۇق، مۇنەۋۋەر ستۇدېنتلارنى خوتەن شەھىرى، ئاتۇش شەھىرىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا تەشكىللەش خىزمىتىنى تاماملىدۇق. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىن مەملىكەتلىك مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپ جەمئىيىتى ياردەم قىلىدىغان 20 مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەستايىدىل تاللاپ چىقتۇق.

شىنجاڭ دائىرىسى ئىچىدە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، «شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنىڭ 2006 - يىلىدىن 2010 - يىلىغىچە بولغان تەرەققىيات پىلانى »نى تۈزۈپ

چىقتۇق، ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خۇلاسىلاش، تەقدىرلەش يىغىنىنى ئاچتۇق. «شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە تەرەققىياتى نىزامى» بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تەشكىللىدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتىنى ۋاقتىدا باشلىدۇق.

ئاپتونوم رايونلۇق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنىنى ئاچتۇق، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا «چېگرىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش داۋالاش ئەترىتى» خالىسانە داۋالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا پائال ھەمكارلاشتۇق.

«ئۇيغۇر 12 مۇقامى»نى «دۇنيا غەيرىي ماددى مەدەنىيەت مىراسى» قاتارىغا كىرگۈزۈش ئىلتىماسىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى ‹11 ـ بەش يىللىق› پىلانى»نى تۈزۈپ چىقتۇق، «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت قەدىمكى ئەسەرلىرى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇق، ئالتە ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرنىڭ شىبە مىللىتى قەدىمكى ئەسەرلەر خىزمىتى ھەمكارلىق يىغىنىنى ئېچىشقا تەييارلىق كۆردۇق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرى كاتالوگىنى تۈزۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

كومىتېت (ئىدارە) مىز ئاپتونوم رايون ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىلىرىنى پىلان بويىچە تەشكىللەپ يولغا قويۇۋاتىدۇ. «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. مىللەتلەر تەزكىرىسى»نى يېزىش خىزمىتىنى تاماملىدۇق، «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دىن تەزكىرىسى»نى يېزىش خىزمىتىنى باشلىدۇق. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ «مىللەتلەر مەسىلىسىگە دائىر بەش خىل مەجمۇئە»نىڭ شىنجاڭ قىسمىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ قايتا نەشر قىلدۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى تاماملىدۇق. ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال «مىللەت ۋە دىن»نى قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىپ، ژۇرنال سۈپىتىنى ئۆستۈردۇق.

**6) تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق**

ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ئاساسلىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك چوڭ ئىشلار قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، كادىرلارنى تەربىيىلەش سانىنى كۆپەيتىپ، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردۇق. 2005 ـ يىلى، جەمئىي سەككىز تۈركۈمدە 96 نەپەر ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك ھەر مىللەت كادىرىنى تاللاپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بېيجىڭدا ئاچقان چېگرا ناھىيىلەردىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇش سىنىپى، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر كادىرلىرى ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستلىق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى سىنىپى قاتارلىق كۇرسلارغا ئەۋەتتۇق. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئېنگلىزچە، روسچە، ئەرەبچىنى پىششىق بىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن ئېلىمىزنىڭ چەتئەللەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرىدا خىزمەت قىلىشقا تاللاش ئىمتىھانى ئېلىش، ئۇلارنى باھالاش، كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدۇق. مەركەزدىكى ئۈچ مىنىستىرلىك، كومىتېتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمىگە ھەمكارلىشىپ، 40 نەپەر ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرنى مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋە ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردا ۋەزىپە بىلەن چېنىقتۇرۇشقا ئەۋەتتۇق. بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر كادىرلار ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەر ئاچقان شىنجاڭ مىللەتلەر خىزمىتى مۇھاكىمە سىنىپىغا قاتناشقانلار 300 ئادەم

قىتىمدىن ئېشىپ كەتتى. «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، جايلاردىكى مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى كادىرلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەش، نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنى قانات يايدۇردى. تەربىيىلەش نەتىجىسىدە، كادىرلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

**7) دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيلىقىنى تىرىشىپ قوغدىدۇق**

مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، سەزگۈر مەزگىلدىكى دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. مۇھىم ھېيت - بايرام ۋە سەزگۈر مەزگىللەردە مۇقىملىق خىزمىتىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ھەر بىر ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆچۈرنى راۋانلاشتۇرۇپ، پائال ئالدىنى ئېلىپ، مۇقىمسىزلىق ۋەقەلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، مەسىلىلەرنى ئاساسىي قاتلامدا، بىخ ھالىتىدە بىر تەرەپ قىلدۇق.

«دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي ساھەنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قەتئىي توسىدۇق. بىرىنچىدىن، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتۇق. يوشۇرۇن ۋەز ئېيتىش، كەڭ كۆلەملىك مازار تاۋاپ قىلىش، قانۇنسىز تەبلىغ قىلىش قاتارلىق قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلىدۇق ۋە ئەمەلدىن قالدۇردۇق. جېھىرىيە مەزھىپىنىڭ ئەمىر - ئىجازەت بېرىش، ئۆز ئالدىغا ئىمام تەيىنلەش قاتارلىق ئاللىبۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان فېئوداللىق ئىمتىيازلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كۈچ سەرپ قىلدۇق. ئىككىنچىدىن، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتۇق. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، تىزىملاش تۈزۈمى ۋە دىنىي خادىملارنى تاللاپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يەنىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ، مەسچىد، چېركاۋ، بۇتخانىلارنى چېقىۋېتىپ قايتىدىن سېلىش، قالايمىقان سېلىش، خالىغانچە كېڭەيتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەپ، ئۆز ئالدىغا سېلىۋالغان چېركاۋ ۋە يىغىلىش نۇقتىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇق. ئۈچىنچىدىن، «سالا دىنى»نى مەخسۇس تۈزەش، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق. نۇقتىلىق رايونلارغا بولغان نازارەتچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، دىنىي ساھە ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلدۇق.

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ 16 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە 2005 - يىللىق ھەج خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، تەشكىللەش ئىقتىدارىمىز ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق. 2006 - يىللىق ھەج خىزمىتىدە، ھەج قىلغۇچىلار سانى زور دەرىجىدە كۆپەيگەن، ئايروپىلان ۋاقتى كېچىكىپ ھەج قىلغۇچىلارنىڭ چەتئەلدە تۇرغان ۋاقىت ئۇزىراپ كەتكەن، ھەج پائالىيىتى جەريانىدا ئادەم دەسسىلىپ كېتىش، بىنا ئۆرۈلۈپ چۈشۈش ھادىسىسى يۈز بەرگەن ئەھۋالدا، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، ھېچقانداق سىياسىي ۋەقە ۋە ئادەم يارىلىنىش ۋەقەسى كۆرۈلمەي، ھەجنى تەشكىللەش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈكسەك باھاسىغا مۇيەسسەر بولدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆز ئالدىغا ھەجگە تەشكىللەشنى چەكلەش، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئۆز ئالدىغا ھەجگە تەشكىللەش ھەرىكىتىنى چەكلەش، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردۇق. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان تەربىيىلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر تۈركۈم ئۆز ئالدىغا ھەجگە تەشكىللىگۈچىلەرگە قاتتىق زەربە بەردۇق. خىزمەتلەرنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەش نەتىجىسىدە، ئاپتونوم

رايونىمىزدىن ئۆز ئالدىغا ھەج قىلىشقا بارغانلارنىڭ سانى ئۆتكەن يىلىغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز دىنىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىغا بولغان باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتتۇق. «ئۈچنى بېكىتىش» (نۇقتىنى، دائىرىنى، ئادەمنى بېكىتىش) نى يولغا قويۇپ، خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن دىنىي كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بەردۇق. «ئىككى دىن» جەھەتتىكى سىڭدۈرمىچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دىنىي كۈچلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا قانۇنسىز دىن تارقىتىش ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كەسكىن بىر تەرەپ قىلدۇق. ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى قېتىم خرىستىئان دىنى، كاتولىك دىنى زاتلىرىنى سىياسەت، قانۇن ـ نىزام بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، «ئىككى دىن» دىكى دىنىي زاتلارنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردۇق.

**8) ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش سالمىقىنى زورايتىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىدۇق**

2005 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز ئىككىنچى باسقۇچلۇق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى باشلانغان تۇنجى يىل. بىرىنچى باسقۇچلۇق تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئىككىنچى باسقۇچلۇق تەربىيىلەش پىلانى، تەربىيىلەش ئۇسۇلى، تەربىيىلەش مەزمۇنى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەربىيىلەش شەكلىنى ياخشىلىدۇق، تەربىيىلەش مەزمۇنىنى بېيىتتۇق. سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئاساس، دىنىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تېمىدىكى لېكسىيە، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قاتارلىق مەزمۇنلارنى قوشتۇق. شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈردۇق. تەپسىرچىلىك خىزمىتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، تەبلىغ مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇردۇق. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ماسلىشىپ، «يېڭى ۋەز ـ تەبلىغلەر» نىڭ 3 ـ قىسمىنى نەشر قىلىش خىزمىتىنى پائال ئىلگىرى سۈردۇق. جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى دىن ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىگە ئەزا كۆرسىتىپ بېرىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدۇق. 2005 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئالدىنقى باسقۇچلۇق دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىمىزنى ئاڭلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدە بىر قانچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

2005 ـ يىللىق خىزمەتلەرنى ئەسلەپ مۇنداق تەسىراتقا كەلدۇق: بىرىنچى، پارتىيىنىڭ مىللەت ـ دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن مىللەت ـ دىن خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەتتىكى ئومۇمىيلىققا، ئىستراتېگىيىلىككە ئىگە ۋەزىپىلەرنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۈچىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يا-

رىتىپ، خىزمەت تەسەۋۋۇرىنى كېڭەيتىپ، خىزمەت
ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. تۆتىنچى،
مىللەت ـ دىن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەش-
تۈرۈپ، خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەش-
تۈرۈپ، ئۇزۇن مۇددەت بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ
ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ تۇيۇقسىز يۈز
بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش
لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمە-
لىيلەشتۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، نازارەت قىلىش
مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، پاك، ئەمەلىيەتچىل بو-
لۇش ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىپ، تۈرلۈك خىز-
مەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇش
كېرەك. ئالتىنچى، فونكسىيىنى كۈچەيتىپ،
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇ-
قىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنى قىممەتلىك پايدىلى-
نىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئېتىپ، فونكسىيە-
لىك رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كې-
رەك. يەتتىنچى، ھەر تەرەپلىمە خىزمەت ئالماشتۇ-
رۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت
مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم
رايوندىكى مىللەت ـ دىن خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ
ماسلىشىشچان، ئۇنۇملۇك خىزمەت مېخانىزمىنى
شەكىللەندۈرۈش كېرەك. سەككىزىنچى، نازارەت
قىلىش، يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دەرى-
جىمۇ دەرىجە، قاتلاممۇ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى
چىڭ تۇتۇپ، تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەممىلا
ئىشتىن نەتىجە چىقىرىشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.
توققۇزىنچى، ئۇچۇر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت
بېرىپ، تېز، توغرا، ئۈنۈملۈك بولۇشنى چىقىش
قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنى تەدبىر بەل-
گىلەش ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. بىز-
نىڭ 2005 ـ يىللىق مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى بىر
قەدەر ياخشى ئورۇنلىيالىغانلىقىمىزنى يۇقىرىقىدەك
ئۇسۇللاردا چىڭ تۇرغانلىقىمىزدىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايدۇ.

نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋا-
قىتتا، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرىشىمىز كې-
رەككى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت ـ دىن
خىزمىتىدە بەزى مەسىلىلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەر يە-
نىلا ساقلانماقتا: بىرىنچى، جايلارنىڭ خىزمەت تە-
رەققىياتى يەنىلا تەكشى ئەمەس؛ ئىككىنچى، مىل-
لەت ـ دىن خىزمىتىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانىنى
ئىزچىللاشتۇرۇشتا تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك
قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ ئۈ-
چىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت ـ دىن
سىستېمىسىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى
يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ؛ تۆتىنچى، مىل-
لەت ـ دىن خىزمىتى ساھەسىنىڭ مەمۇرىي قانۇن
ئىجرا قىلىش ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەي-
تىشكە توغرا كېلىدۇ؛ دىن خىزمىتىدىكى بەزى قى-
زىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر
تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ بە-
شىنچى، ئاساسىي قاتلامدىكى مىللەت ـ دىن خىز-
مىتى تارماقلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى يەنىمۇ
ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قىيىنچىلىق ۋە مە-
سىلىلەرنى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر جەريانىدا
يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش، ئەستايىدىل تەتقىق قى-
لىش ئارقىلىق ھەل قىلىمىز.

**ئىككىنچى، 2006 ـ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇ-
ھىم نۇقتىسى**

2006 ـ يىلى «11 ـ بەش يىللىق» پىلان يولغا
قويۇلۇشقا باشلىغان يىل، شۇنداقلا مىللەت ـ دىن
خىزمىتىدە يېڭى پۇرسەتلەرگە دۇچ كېلىپ، يېڭى
خىرىسلارنى كۈتۈۋېلىپ، يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلى-
دىغان ھالقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىلىدۇر. بۇ
يىللىق مىللەت ـ دىن خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تە-
سەۋۋۇرى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋە-
كىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى
قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى،
پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى، 3 ـ،
4 ـ، 5 ـ يىغىنىنىڭ ئومۇمىي روھىنى ئومۇمىيۈز-
لۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتى
ئومۇمىيلىقىغا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق
بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش؛ مىللەت ـ دىن
خىزمىتىنىڭ «ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قى-
لىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش» تىن
ئىبارەت ئاساسىي تېمىسىنى چۆرىدەپ، مەركىزىي

كومىتېت مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ پارتىيىنىڭ دىن خىزمىتىگە دائىر تۈپ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇپ، دىنىي ساھەنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەت ـ دىن خىزمىتى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تۈپ تەلىپى بويىچە، مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشتىن ئىبارەت. بىز ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئىدىيىنى، تونۇشنى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» تەلىپى بويىچە، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى نازارەت، ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

**1) ئاساسىي تېمىنى چۆرىدەپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك**

«ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش» يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى. خىزمەتتە چوقۇم بۇ ئاساسىي تېمىنى پۇختا ئىگىلەپ، تەسەۋۋۇر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، تەرەققىيات ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، بۇ يىل مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاساس قىلىنغان تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، «11 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى مىللەتلەر خىزمىتىدە ياخشى باشلىنىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، بىر تۇتاش پىلانلاش، تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، 10 تۈرلۈك مۇھىم خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى. بىز بۇ 10 تۈرلۈك مۇھىم نۇقتىنى چۆرىدەپ، مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتىمىز:

(1) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى ئېچىشقا ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرىمىز. 24 ـ قېتىملىق «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى» پائالىيىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ئورۇن بەرپا قىلىش، نەمۇنىچى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە دائىر تەشۋىق ـ تەربىيىنى قەتئىي بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتىمىز، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ۋە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك يادرو قىلىنغان جۇڭخۇا مىللىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ ۋە يېتىلدۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى

پۈختا تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئومۇمىيلىقنى تولۇق نەزەردە تۇتۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ ئاسراپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى تىرىشىپ قوغدايمىز. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكتە ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇشقا قوشقان گەۋدىلىك تۆھپىلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ھەر مىللەت خەلقى «ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش» دېگەن ئىدىيىنى چوڭقۇر سىڭدۈرىمىز ۋە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرىمىز. تارقاق ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەر خىزمىتى ۋە شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمىز، مىللىي يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالاھىدە قىيىنچىلىقىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىمىز.

( 2 ) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىمىز. ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا چوقۇم ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرۇشقا يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپ قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزىمىز ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرىمىز. ھەر دەرىجىلىك مىللەت - دىن خىزمىتى تارماقلىرى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيلىقىنى چۆرىدەپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، قاراتمىلىقى بولغان، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى لازىم. «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى»نى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتا قىلىنغان ناھىيىلەرنىڭ تۈرلەرنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ، مالىيە نازارىتى، تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەبلىغى تۈرىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مەبلەغ تەقسىم قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تېگىشلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرىمىز. ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، مىللەتلەرگە دائىر ستاتىستىكا خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيمىز. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىمىز. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولۇش ۋە «چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى»گە دائىر 11 - بەش يىللىق پىلاننى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، تۈر مەبلىغىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولغا قويۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىمىز. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مىللىي سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يار - يۆلەك بولۇشقا دائىر تۈرلۈك سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىمىز، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ۋە مىللىي دورىگەرلىكنىڭ كەسىپلىشىش تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرىمىز. قاراچاي بازىرى ئەھۋالىنى ياخشى كۆزىتىپ، قاراچاي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز.

( 3 ) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرىمىز. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىشىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيمىز؛ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېما قىلىنغان كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى «تۇلپار مۇكاپاتى» ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تېلېۋىزىيە تەرجىمە فىلىمى «كۆۋرۈك مۇكاپاتى»غا شىنجاڭنىڭ ئەسەرلىرىنى تاللاپ كۆرسىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز، «دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئالاقە نۇقتىسى» قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز؛ ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە «مىللەتلەر ئارىسىدىكى

ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قوغداش قۇرۇلۇشى » خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، جايلارنىڭ مول، رەڭدار مىللىي مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا تۈرتكە بولىمىز؛ بىر قىسىم مىللىي يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت پونكىتىدا ساقلىنىۋاتقان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا داۋاملىق ياردەم قىلىمىز؛ «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى . دىن تەزكىرىسى »نى يېزىپ چىقىش خىزمىتى ۋە شىنجاڭدىكى 12 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە سەككىز خاس مىللەتنىڭ قىسقىچە تارىخىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيمىز؛ 2006 ـ يىلى يىل ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەر كاتولوگى خىزمىتىنى سان، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تاماملايمىز. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى پائال پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرىمىز؛ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، «توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ » خىزمىتىنى چىڭ تۇتىمىز. ئەستايىدىل تەشكىللەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2007 ـ يىلى مەملىكەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالىمىز. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە خىزمىتى تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، يېزا ھەمكارلىق داۋالىنىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مىللىيچە داۋالاش ۋە ئالاھىدە داۋالاش، ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. يېڭى ئەسىر، يېڭى باسقۇچتىكى مىللەت ـ دىن مەسىلىلىرى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەت ـ دىن سىياسىتىگە دائىر تەتقىقات خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىمىز؛ «مىللەت ۋە دىن » ژۇرنىلىنى داۋاملىق ياخشى چىقىرىپ، ئۇنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرىمىز.

( 4 ) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى يەنىمۇ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. گوۋۇيۈەننىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يولغا قويۇشقا دائىر «بىر قانچە بەلگىلىمە »سىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتىمىز. ھەر دەرىجىلىك مىللەت ـ دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە كادىرلىرى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، قانۇننى يولغا قويۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك. جايلار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى »نى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشى، گوۋۇيۈەننىڭ «مۇسۇلمانچە يېمەكلىك باشقۇرۇش نىزامى » يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تېزدىن ئۇنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش دولقۇنى قوزغاپ، مۇسۇلمانچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتچىلىكىنى ھەقىقىي تۈردە قانۇنلىشىش ئىزىغا سېلىش كېرەك. بىز يەنە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى »نى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. «شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى » ، «مىللىي يېزىلار خىزمىتى نىزامى »نى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق مۇھاكىمە خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى چاقىرىدىغان مەملىكەتلىك مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا ۋە

مەملىكەتلىك شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى
سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ياخشى تەييار-
لىق كۆردۇق.

**2 ) مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى كۈ-
چەيتىپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋى-
يىمىزنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك**

بۇلتۇرقى كەڭ، چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق
قىلىش ئاساسىدا، بۇ يىل «دىنىي ئىشلار نىزامى»نى
ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالاھىدە
چىڭ تۇتۇپ، خىزمەتتىكى كۈچ سەرپ قىلىش نۇق-
تىسىنى قانۇن ـ نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە
قانۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قو-
يۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن خىزمىتى سەۋى-
يىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىمىز. مەركىزىي كومىتېت
دىن خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ج ك
پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئە-
زاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يول-
داش ۋاڭ لېچۈەننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائى-
مىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان دىن خىزمىتى
توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىنى نۇقتى-
لىق چىڭ تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خرىستىئان
دىنى، كاتولىك دىنى خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەي-
تىپ، چېگرا سىرتىدىكىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ
ئېلىپ بارغان سىڭدۈرمىچىلىككە قەتئىي تاقابىل
تۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇ-
رۇپ، دىن خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈ-
رۈپ، دىنلار ئىناقلىقى، مىللەتلەر ئىناقلىقى،
جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمىز.

( 1 ) گوۋۇيۈەننىڭ «دىنىي ئىشلار نىزامى»نى
ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، دىنىي
ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىمىز.

مىللەت ـ دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ رەھ-
بەرلىرى ۋە كادىرلىرى «نىزام»نى ئەستايىدىل ئۆ-
گىنىپ، پىلانلىق ھالدا تەربىيىلەش كۇرسى، مۇ-
ھاكىمە كۇرسى، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش قاتارلىق
شەكىللەر ئارقىلىق، «نىزام»نى ئۆگىنىش ۋە ئىز-
چىللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە
مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈشى
كېرەك. بىز دىن خىزمىتىدىكى ئۈچ قوشۇننى
تەربىيىلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، «نىزام»نى ئۆ-
گىنىشنى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىمىز
. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، «-
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىنىي ئىشلىرى
نىزامى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى يولغا قو-
يۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنى تۈزۈش خىزمىتىنى
ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيمىز.

( 2 ) ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە،
شەھەرلىك مىللەت ـ دىن خىزمىتى تارماقلىرى «-
نىزام»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، دىنىي پائالىيەت
سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كې-
رەك. يېقىنقى ئەسىر، يېقىنقى باسقۇچقا كىرگەندىن بۇيان
، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قاراتقان
دىندىن پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىش ھەرى-
كەتلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن
پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىش بىلەن بىر ۋا-
قىتتا، «غەربىي رايونلارغا ئىنجىل ئەكىرىش» پى-
لانىنى يولغا قويۇپ، خرىستىئان دىنىدىن پايدىلى-
نىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىشنى زورايتتى. خۇددى
شۇجى ۋاڭ لېچۈەن كۆرسەتكەندەك: «نۆۋەتتە چېگرا
سىرتىدىكىلەرنىڭ بىزگە قاراتقان دىندىن پايدىلى-
نىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىشى بىلەن غەربتىكى
دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ‹غەربلەشتۈرۈش›، ‹پارچىلى-
ۋېتىش› ئىستراتېگىيىسى بىر گەۋدە بولۇپ
كەتتى، بۇ بىر مەيدان خەلقئارالىق سىياسىي كۈرەش
، شىنجاڭدا «ئىككى دىن»دىن پايدىلىنىپ ئېلىپ
بېرىلىۋاتقان سىڭدۈرمىچىلىكتىن باشقا يەنە ‹ئىز-
بوت›، قاتارلىق دۆلەت ھالقىغان ئىسلام ئەسەبىي
كۈچلىرى بار. نۆۋەتتە «ئىككى دىن» دىن پايدىلىنىپ
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىڭدۈرمىچىلىكتە ئامېرىكا
ئارقا كۆرۈنۈشى بار، ئۇلار جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش،
ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇۋېتىش
سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ دىندىن
پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىش ئارقا كۆرۈنۈ-
شى ۋە سىياسىي ماھىيىتىنى ئېنىقلاپ، دۈشمەن
كۈچلەرنىڭ «ئىككى دىن»دىن پايدىلىنىپ مىللەت
ۋە ئېتىقادتىن ھالقىپ يامراپ كېتىشىگە يۈكسەك

دەرىجىدە دىققەت قىلىپ، رەھبەرلەرنىڭ يولىيورۇقى ۋە يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئىككى دىن» خىزمىتىنىمۇ كۈچەيتىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «دېموكراتىيە»، «ئىنسانىي ھوقۇق»، «دىن» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، بىزگە قارىتا ئېلىپ بارغان «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلىۋېتىش» ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ دىندىن پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك، بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىپ، يوشۇرۇن جامبازلىق ئۆگىنىش، قانۇنسىز تەبلىغ قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىمىز كېرەك. بىدئەت تەشكىلاتلارغا زەربە بېرىشىمىز، ئاللىبۇرۇن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان فېئوداللىق دىنىي ئىمتىيازلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. «ئىككى دىن»غا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «ئىككى دىن» خىزمىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان رايونلاردا تازىلاش، تەرتىپكە سېلىشنى يولغا قويۇپ، شەھەر (ئىجتىمائىي رايون)، يېزىلاردىكى كەنت دەرىجىلىك دائىرىدە «ئۈچنى بېكىتىش» (ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاست، ئاپتونوم رايوندا پرىنسىپ جەھەتتە «ئىككى دىن»نىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتى قۇرۇلمايدۇ)نى يولغا قويۇپ، ئۆز ئالدىغا دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ قانۇنسىز دىن تارقىتىش ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي چەكلەپ، خرىستىئان دىنى خۇسۇسىي يىغىلىش نۇقتىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، «ئىككى دىن» ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشىمىز كېرەك. دىنىي خادىملارنى بېكىتىش ۋە تەكلىپ قىلىش ئىشلىتىشتە، چوقۇم ئاساسىي قاتلاملار كۆرسىتىپ بېرىش، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئۆتكەلنى چىڭ تۇتۇش، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلار تەستىقلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۆزى تەيىنلەشكە ياكى سىرتتىن تەكلىپ قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. «ئەمىر ئىجازەت بەرگەن»لەرنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىشكە ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ، رايون ئاتلاپ دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇلمايدۇ.

مەسچىت، بۇتخانا، چېركاۋلارنى چېقىپ سېلىش، قالايمىقان سېلىش، خالىغانچە كېڭەيتىپ سېلىش ھەرىكەتلىرىنى قەتئىي چەكلەش، ئۆز ئالدىغا ئىبادەتخانا ۋە يىغىلىش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلىشقا قەتئىي يول قويماسلىق لازىم. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى يېڭىدىن سېلىش، كېڭەيتىپ سېلىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقىنى قاتتىق ئىگىلەش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلىك مىللەت ـ دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئۆز جايىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش ئومۇمىيلىقىنى چىقىش قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ دىنىي ساھەسىدە تۇيۇقسىز يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، «نىزام»نى ئاساس قىلىپ، تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ، ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىشى كېرەك. دىنىي ئامىلغا چېتىلىدىغان تۇيۇقسىز يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشى ۋە ئۇنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان، ئىجتىمائىي تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرىكەتلەرنى قەتئىي چەكلەپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش لازىم. دىنىي خادىملار كېنىشكە بىلەن ۋەزىپە ئۆتەش (دىنىي ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش) تۈزۈمىنى كېڭەيتىپ، دىنىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن زىچ ھەمكارلاشقان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ قولىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىنىي پائالىيەت

سورۇنلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئۆزىنى ئۆزى بېقىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دىنىي زاتلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىشقا يېتەكلەش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

( 3 ) ھەج خىزمىتىگە بولغان باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ [2003] 16 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەج خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تەشكىللىك، پىلانلىق ھەج قىلىش» تۈپ سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەجگە تەشكىللەش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ «ھەجگە تىزىملاتقانلارنى رەتكە تۇرغۇزۇش چارىسى (سىناق نۇسخىسى)»نى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئاشكارا، ئادىل بولۇپ، ھەج خىزمىتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىمىز. ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، ئۆز ئالدىغا ھەج قىلغۇچىلارنى توسۇش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەيمىز. بۇ يىل ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خىزمەتنى بالدۇر باشلاپ، ئۆز ئالدىغا ھەج قىلغۇچىلارنى توسۇش خىزمىتىنى ھەر بىر ئائىلە، ھەر بىر ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. ج خ تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئاخبارات ـ ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، «ھەجگە تەشكىللەش بىدىكلىرى»گە زەربە بېرىش سالمىقىنى زورايتىمىز. تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يېڭىلىق يارىتىش چارىسى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۇزاق ئۈنۈم بېرىدىغان مېخانىزمنى شەكىللەندۈرىمىز.

( 4 ) ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز. دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىز ـ باسارلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىز ـ باسارلارنى پائال تاللايمىز ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز. دىنىي تەشكىلاتلار ئۆز تەشكىلاتىنى تولۇقلاپ، قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى لازىم. دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى دىن خىزمىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، تەپسىرچىلىك خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋەز ـ تەبلىغ مەزمۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، بۇ يىللىق تەربىيىلەش خىزمىتىنى يېڭى تۈسكە ئىگە قىلىپ، ئىككىنچى باسقۇچلۇق تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالىمىز.

**3 ) ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك**

( 1 ) ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەت ـ دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ كادىرلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە زۆرۈر بولغان تۈرلۈك بىلىملەر بىلەن ئۆزلىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشى كېرەك. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مىللەت ـ دىن مەسىلىلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى، قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ ياخشى تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتىنىڭ تەسەۋۋۇر يولى ۋە ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ، مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇل بويىچە، تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

( 2 ) ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. مىللەت ـ دىن خىزمىتى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ، ئۇنىڭ سىياسىيلىقى، سىياسەتچانلىقى، ئاممىۋىيلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. شۇڭا، ھەرقاي-

سى تەرەپلەرنىڭ زىچ ماسلىشىشىغا، زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مىللەت - دىن خىزمىتى تارماقلىرى پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، مىللەت - دىن خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەيدىغان بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

( 3 ) ئىستىلنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرگە ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەت - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ ساقلاپ، مىللەت - دىن ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كەڭ ئالاقە باغلاش، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تونۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. كەڭ ئاممىنىڭ مەنپەئىتى، ئارزۇسى ۋە تەلىپىنى مەسىلىلەرنى ئويلاش، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تۈپ ئاساسى قىلىشى كېرەك. قەتئىي بوشاشماي ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىش، بولۇپمۇ ئىشنى ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن باشلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش جەريانىدا ئامما بىلەن بولغان ھېسسىياتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

( 4 ) ئۆز قۇرۇلۇشىمىزنى كۈچەيتىپ، مىللەت - دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ياخشى ئوبرازىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ياخشى ئاچىمىز. «ئىچكى قىسىمدا ساپانى ئۆستۈرۈش، تاشقى جەھەتتە ياخشى ئوبراز تىكلەش، ئالدىنقى قاتاردىكىلەردىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» ۋە مەدەنىي ئورۇن، مەدەنىي باشقارما (ئىشخانا) بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار پائالىيەتلەرنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، ئورگىنىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە پاك - دىيانەتلىك قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ ئۆگىنىش، مۇلازىمەت قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئورگان بولۇشقا قاراپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولىمىز.

( 5 ) ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. ھەر دەرىجىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۆز جايىدىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتكە خىزمەتلەرنى ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل تەقسىم قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي كۈچ چىقىرىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئۈچۈر يوللاش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم.

يولداشلار! 2006 - يىللىق مىللەت - دىن خىزمىتى ۋەزىپىلىرى ئىنتايىن مۈشكۈل، ھەممەيلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، مىللەت - دىن خىزمىتى ئومۇمىيتىگە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جاسارەت بىلەن پۇختا ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەت - دىن خىزمىتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ بەرپا قىلايلى.

كوررېكتور: مۇنەۋۋەر ئابدۇللا

# ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەت، دىن خىزمىتى ۋەزىپىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلايلى

هاپىز نىياز

يولداشلار:

ئىككى كۈن داۋاملاشقان ئاپتونوم رايونلۇق دىن
خىزمىتى يىغىنى يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ
ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا ئالدىن بېكىتىلگەن
قارالمىلارنى تولۇقلاپ تاماملاپ، ئاخىرلىشىش ئالدىدا
تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇ-
رۇشى بويىچە، بۇ قېتىمقى بىرلىك سەپ ۋە مىللەت،
دىن خىزمىتى يىغىنى بىرلىكتە ئېچىلدى. ج ك پ
مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزا-
سى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ
لېچۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن
شۇجىسى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تى-
لىۋالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومى-
تېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن مۇھىم سۆز قىلدى
. بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرىكى يىغىندا يولداش ليۇ
جېنچياڭ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى
كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) گە ۋاكالىتەن
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2005 ـ يىللىق مىللەت ـ دىن
خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلاپ، 2006 ـ يىل-
لىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. يولداش رېشىت
نىياز ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومى-
تېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) غا ۋاكالىتەن
2005 ـ يىللىق ھەج خىزمىتىدىن خۇلاسە چىقاردى
ھەمدە 2006 ـ يىللىق ئۆز ئالدىغا ھەج قىلىشنى
چەكلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. بەش ۋىلايەت،
ئوبلاستتىن كەلگەن يولداشلار تەجرىبە ئالماشتۇرۇش
ماتېرىيالىنى ئوقۇپ ئۆتتى. يىغىنغا قاتناشقان يول-
داشلار شۇجى ۋاڭ لېچۈەن، رەئىس ئىسمائىل تىلى-
ۋالدى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن-
نىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ھەمدە بۇ يىللىق
مىللەت، دىن خىزمىتىگە قارىتا ياخشى پىكىر ـ
تەكلىپلەرنى بەردى. يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزدىن
دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ «4 ـ بەش
يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش پىلان خىزمىتى
بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخس بولۇپ
باھالانغانلار ۋاكالىتەن تەقدىرلەندى، 2005 ـ يىللىق
ئۈچۈر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار
شەخسلەر، «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلىغا ماقالە ئۇ-
يۇشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر
ئىختىيارىي مۇخبىرلار تەقدىرلەندى. يىغىن ياخشى
ئېچىلدى، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

1. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدى-
لىكى: بىرىنچى، رەھبەرلىك يۈكسەك ئەھمىيەت
بەردى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي ب-
يۇروسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ
شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا
قاتنىشىپ ھەمدە مۇھىم سۆز قىلىپ، ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمى-
تىنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمى-
يەت بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈرۈپ
بەردى. ئىككىنچى، خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى
ئېنىق بولدى. يەنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە
«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئى-
دىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 16 ـ قۇ-
رۇلتىيى ۋە پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈز-
لۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ئەسىردىكى مىللەتلەر
خىزمىتىنىڭ «ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قى-
لىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش»تىن
ئىبارەت ئاساسىي تېمىسىنى ۋە دىن خىزمىتىنىڭ
«قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش
، سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە
بېرىش»تىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسىتىنى پۇختا
ئىگىلەپ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى
، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېتەكچىلى-
كىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەت، دىن خىز-

مىتى خادىملىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان مەركىزىي خىزمەتنى چۆرىدەپ، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى نازارەت (ئىدارە) باشلىقلىرى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇنلاش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان، باي، ئىناق، تىنچ شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، يىغىن مەزمۇنى مول بولدى. يىغىندا شۈجى ۋاڭ لېچۈەن، رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا مۇھىم سۆز قىلدى، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2005 - يىللىق مىللەت، دىن خىزمىتى خۇلاسىلىنىپ، 2006 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ سۆزىدە پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 10 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھى ماھىيىتى ئىگىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى مەزگىلدىكى مىللەت ۋە دىن خىزمىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە رېئال مەسىلىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا چوڭقۇر شەرھىلەندى، مىللەت، دىن خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە قارىتا ئېنىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ئۇلارنىڭ سۆزى ئىنتايىن كۈچلۈك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى يىغىنى ۋە مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى نازارەت، ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئاساسىدا، شۈجى ۋاڭ لېچۈەن، رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىننىڭ سۆزىنى چۆرىدىگەن ھالدا مىللەت، دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

تۆۋەندە مەن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

بىرىنچى، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرى بارلىق مىللەت، دىن خىزمىتى كادىرلىرىنى تەشكىللەپ، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ ۋە ئۆگىنىپ، بولۇپمۇ شۈجى ۋاڭ لېچۈەن، رەئىس ئىسمائىل تىلىۋالدى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى شاۋكەت ئىمىننىڭ سۆزىنىڭ روھىنى نۇقتىلىق يەتكۈزۈپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىدىيىنى مۇشۇ يىغىننىڭ روھى ئاساسىدا ھەقىقىي بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ، يېڭى ئەسىردىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ «ئىككى ئورتاق» تىن ئىبارەت ئاساسىي تېمىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايون خىزمىتى ئومۇمىيلىقىنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرى شۇنداق تونۇشقا كەلگەندىلا ئاندىن مىللەت، دىن خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇش لازىم. ئۆز رايونى ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر تېزدىن مۇناسىپ يىغىن ئېچىپ، يىغىن روھىنى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە يەتكۈزۈشى، ناھىيىلەرمۇ يېزا - بازارلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، قاتلاممۇ قاتلام ئۆگىنىشى ھەم ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھىنى جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جايلارنىڭ 2006 - يىللىق خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل تەقسىم قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى مىللەت، دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يىغىن ئاچقانلىق

ئەھمىيەت بەرگەنلىك، ھۆججەتلەرنى بېسىپ تارقاتقانلىق ئەمەلىيلەشتۈرگەنلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ. يەرلىكنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. بىردەك ماسلاشتۇرۇش، خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورتاق تاماملاش ئۈچۈن، ئۆز ۋىلايەت، ئوبلاستىمىزنىڭ، ئۆز تارمىقىمىزنىڭ بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرىمىزنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) غا يازما دوكلات قىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى ئەھۋاللارغا قارىتا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش كېرەك، ئىلگىرى ھەر دەرىجىلىك مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرى بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرگە نۇرغۇن ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىپ، نۇرغۇن ياخشى تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى بەرگەنىدى، بۇ خىل ياخشى ئۇسۇل ۋە خىزمەت ئىستىلىنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى روھىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، «دىن ئىشلىرى نىزامى» نىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ تېمىسى قاراتمىلىققا، ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۆز جايىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت، دىن سىستېمىسىنىڭ كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى بۇ قېتىمقى يىغىننى پۇرسەت دەپ بىلىپ، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ياخشى روھىي قىياپەت بىلەن شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. جايلار ئۆز قوشۇن قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلىك مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرى ۋە يېزا ـ بازارلاردىكى مىللەت، دىن خىزمىتى خادىملىرىنىڭ ئالمىشىشى نىسبەتەن كۆپرەك بولدى، بۇ يېڭى يولداشلارنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىشىغا يەنە بىر مەزگىل كېتىدۇ، سىستېمىلىق تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «دىن ئىشلىرى نىزامى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قانۇن ئىجرا قىلىش سوبيېكتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەڭ ئاۋۋال «نىزام» نىڭ ئاساسىي روھىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، مەركەزلىك تەربىيىلەش ئارقىلىق بۇ نىشانغا يەتكىلى بولىدۇ. تۆت يىل سەرپ قىلىنغان بىرىنچى باسقۇچلۇق دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دىنىي زاتلار سىياسىي ئاڭ ۋە سىياسەتنى چۈشىنىش جەھەتتە زور يۈكسىلىش ھاسىل قىلدى، مىللەت، دىن خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى، قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنىمۇ مۇناسىپ ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى يېڭى خىزمەت تەلىپى ۋە مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تەربىيىلەش مەزمۇنى جەھەتتە، «نىزام» نى مۇھىم نۇقتا قىلىش، مىللەت، دىنغا دائىر نەزەرىيە، سىياسەت، قانۇن ـ نىزام ۋە ئالاقىدار كەسپىي بىلىملەرنى تەڭ ئېتىبارغا ئېلىش كېرەك. تەربىيىلەش شەكلى جەھەتتە، مەركەزلەشتۈرۈپ تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر تەربىيىلەش پىلانى تۈزگۈزگەندە، جايلاردىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ۋاقىت، خادىم، خىراجەت قاتارلىق جەھەتلەردىن قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مىللەت، دىن خىزمىتى كادىرلىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئۈرۈمچىگە يىغىپ تەربىيىلەشنى

ئويلىشىۋاتىمىز. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، بۇ يىلدىن باشلاپ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ كىنىشكىسىنى ئالماشتۇرۇپ تىزىملاپ چىقىمىز. جايلار تەلەپ بويىچە خىزمەتلەرنى پۇختا قانات يايدۇرۇشى ھەمدە مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئاساسىنى يەنىمۇ چىڭىتىشى لازىم.

مىللەت، دىن خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دىنلار ئىناقلىقى بىلەن ئىجتىمائىي ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەك.

بۇ يەردە مەن مۇنداق بىر قانچە نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەن:

بىرىنچىدىن، سىڭدۇرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، داۋاملىق چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى تارماقلىرى چەتئەل دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بارغان سىڭدۇرمىچىلىككە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلىشى، دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بىدئەت كۈچلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بارغان سىڭدۇرمىچىلىكى بايقالغان ھامان مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشى، مەسىلىنى بىخ ھالىتىدە ھەل قىلىۋېتىشى لازىم. قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تاشقى ئىشلارغا چېتىلىدىغان دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، گوۋۇيۈەننىڭ «دىن ئىشلىرى نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىسى ئىچىدىكى چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»، «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى سېلىشنى تەستىقلاش ۋە تىزىملاش چارىسى» ۋە «دىنىي ئىنستىتۇت، مەكتەپلەرنىڭ چەتئەللىك كەسپىي خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش چارىسى» قاتارلىق ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن، چەتئەللىكلەرنىڭ قانۇنسىز دىن تارقىتىش، قانۇنسىز دىنىي تەشكىلات قۇرۇش ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت سورۇنى سېلىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى قەتئىي بىكار قىلىش ۋە چەكلەش كېرەك. چەتئەلگە چىققۇچىلار بولۇپمۇ چەتئەلگە چىقىپ دىن ئۆگىنىدىغانلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ چەتئەلنىڭ دىنىي كىتاب-ژۇرنال، ئۈن-سىن بۇيۇملىرى ۋە دىنىي بۇيۇملىرىنى قوبۇل قىلىشىنى تەكشۈرۈپ ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چەتئەل كۈچلىرىنىڭ ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ دىنىي ساھەگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك؛ دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ چەتئەللەر بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ھەرىكەتلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئۇچۇر يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇچۇرلارنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاش لازىم. «مىللەت، دىن ئىشلىرىدا كىچىك ئىش يوق»، تاشقى ئىشلاردىمۇ كىچىك ئىش يوق، بىرەر ئەھۋال بايقالغان ھامان، پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرگە ۋاقتىدا دوكلات قىلىش، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. دىنىي ساھەدە ئەھۋال بايقالغان ھامان دەرھال يۇقىرىغا دوكلات قىلىش كېرەك. ئەھۋالنى يوشۇرۇشقا، تولۇق دوكلات قىلماسلىققا بولمايدۇ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلماسلىققا تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى بىلەن تەپسىرچىلىك خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ داۋاملىق ياخشى ئىشلەش لازىم. بىز ئىلگىرىكىدەكلا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئالاھىدە تارىخىي مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئالغان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيىسىز كادىرلار قاتارىدا تەربىيىلىشىمىز لازىم. جايلار دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە سىياسىي جەھەتتىن يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، تەربىيىلەش راسخوتىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) بىر قانچە كۈن ئىلگىرى جايلارنىڭ بۇ يىللىق تەربىيىلەش پىلانىنى چۈشۈردى. جايلار چوقۇم تەربىيىلەش مەزمۇنى، ۋاقتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى، تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى سان-سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تاماملىشى كېرەك. تەپسىرچىلىك خىزمىتى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇ-

رۇشقا يېتەكلەيدىغان ئۇنۇملۇك يوللارنىڭ بىرى. ھەر
دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر زاتـ
لارنىڭ تەپسىرچىلىك خىزمىتىدىكى ئىجابىي رولىـ
نى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ
ئىدىيىۋىي توسالغۇلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، تەپـ
سىرچىلىك خىزمىتىنى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇـ
رۇش، سىگدۇرمىچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نۇقـ
تىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىش، ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە
خاتىمە بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيـ
تىش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش، پەن ـ
تېخنىكىغا تايىنىش، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە
قىلىش، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرۇش
قاتارلىقلار بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، تەپسىرـ
چىلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاشتۇـ
رۇش لازىم.

ئۈچىنچى، ھەجگە تەشكىللەش، باشقۇرۇشنى
قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆز ئالدىغا ھەج قىـ
لىشنى تۈزەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تەشـ
كىللىك، پىلانلىق ھەجگە تەشكىللەش فاڭجېنىدا
داۋاملىق چىڭ تۇرۇش، ھەج خىزمىتىدىكى تەشـ
كىللەش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمى ۋە
تەدبىرلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئاشكارە،
ئادىل، ھەققانىي» بولۇش تەلىپىنى يەنىمۇ ئىلگىـ
رىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەج پائالىيىتىـ
نى تەرتىپلىك، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىمزىغا
سېلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش، ئېتىقادچى
ئاممىنى يېتەكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ،
ھەج قىزغىنلىقىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش كېرەك. ئۆز ئالدىغا ھەج قىلىش ھەرىكەتـ
لىرىگە دىققەت قىلىپ، تەربىيە بېرىپ يېتەكلەش ۋە
نەسىھەت قىلىپ توسۇش خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇـ
رۇپ، ئۆز ئالدىغا ھەج قىلغۇچىلارغا قانۇن، ئائىلىـ
ۋىي تۇرمۇش، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش، جىسماـ
نىي بىخەتەرلىك، دىنىي ئەقىدە قاتارلىق جەھەتلەردە
ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، قانۇنسىز
ھەجگە تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ ئالدامچىلىق ۋە قاقـ
تى ـ سوقتى قىلىشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش
قىلىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى ھەج ئىشىغا ئاـ
قىلانىلىق بىلەن توغرا قارايدىغان قىلىپ، ئۆز ئالـ
دىغا ھەج قىلىدىغانلارنىڭ سانىنى ئەڭ زور چەكتە
ئازايتىش لازىم.

يولداشلار، بۇ يىللىق مىللەت، دىن خىزمىـ
تىنى ياخشى ئىشلەش پارتىيە 16 ـ ـ نۆۋەتلىك مەرـ
كىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ج ك پ
ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 10 ـ قېـ
تىملىق ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روـ
ھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيـ
لەشتۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا
قىلىش كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىناق
جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە
مۇقىملىقتىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قوغـ
داپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىـ
مائىي ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى
ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىـ
گە. بىز مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ
ئۇنىۋېرسال ماسلاشتۇرۇش فونكسىيىسىنى تولۇق
جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەقـ
قىيات ئومۇمىيلىقى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىلـ
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقى ۋە جەمئىـ
يەت ئىناقلىقى ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىشىمىز
لازىم. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، دۆلەتلىك مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىـ
دارىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
توغرا رەھبەرلىكىدە، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ
زور كۈچ بىلەن ماسلىشىشى، ئاپتونوم رايونىمىزدىـ
كى ھەر دەرىجىلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى تارماقـ
لىرىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە
ھەمكارلىشىشى، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىـ
نى جارى قىلدۇرۇشى ئارقىسىدا سەپەرۋەر قىلىشقا
بولىدىغان بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى سەپەرۋەر قىـ
لىپ، كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، مەغرۇرلۇق،
ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، جاپالىق كۆرەش قىـ
لىدىغانلا بولساق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى
دەۋردىكى مىللەت، دىن خىزمىتىدە چوقۇم يېڭى ۋەـ
زىيەت يارىتالايمىز.

كوررېكتور: مۇنەۋۋەر ئابدۇللا

# مەملىكەت بويىچە دىن خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ «4 - بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار

ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى، مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېت (نازارەت، ئىدارە)لىرىگە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىگە:

2001 - يىلى تارقىتىلغان «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقى تەربىيىسىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ‹مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى 4 - بەش يىللىق پىلانى›نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» (م ك ب [2001] 8 - نومۇرلۇق) نىڭ روھى، شۇنداقلا ئىدارىمىز تۈزگەن «مەملىكەت بويىچە دىن خىزمىتى سىستېمىسىدا قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقى تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بەش يىللىق پىلان»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق، دىن خىزمىتى كادىرلىرى، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىا ئارىسىدا قانۇن - تۈزۈم تەشۋىقى تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «5 - بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىككىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش» نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىن خىزمىتى كادىرلىرى، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ قانۇن ساپاسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

بەش يىلدىن بۇيان، جايلارنىڭ قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدە ئىستىللى دۇرۇس، خىزمەتتە ئاكتىپ، نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر مەيدانغا كەلدى. «4 - بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، كەڭ دىن خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئىدارىمىز «مەملىكەت بويىچە دىن خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ ‹4 - بەش يىللىق›، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى كۆرسىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، «4 - بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەشنى قارار قىلغانىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك دىن خىزمىتى تارماقلىرى ئۇقتۇرۇشنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆز رايونىنىڭ «4 - بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكىنى يوللاپ بەردى. ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق 160 دىن خىزمىتى تارمىقىغا «مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى سىستېمىسى بويىچە ‹4 - بەش يىللىق›، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ»، 311 نەپەر دىن خىزمىتى كادىرىغا «مەملىكەتلىك دىن خىزمىتى سىستېمىسى بويىچە ‹4 - بەش يىللىق›، قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس» دەپ شەرەپلىك نام بېرىشنى قارار قىلدۇق.

**دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى**

**2005 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى**

# ئاپتونوم رايونىمىزدىن مەملىكەت بويىچە دىن خىزمىتى سىستېمىسىنىڭ «4 - بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەنگەنلەر ئىسملىكى

**1 . ئىلغار كوللېكتىپلار :**

1 ) ش ئۇ ئا ر دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
2 ) ش ئۇ ئا ر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى
3 ) ش ئۇ ئا ر سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى سانجى شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
4 ) ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى
5 ) ش ئۇ ئا ر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى
6 ) ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى
7 ) ش ئۇ ئا ر خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى
8 ) ش ئۇ ئا ر ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى

**2 . ئىلغار شەخسلەر:**

1 ) ليۇ يۈپىڭ ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى
2 ) رۇسۇل تارباغاتاي ۋىلايىتى ساۋەن ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
3 ) ۋاڭ شۆرېن ئالتاي ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
4 ) ما يەنجۈن سانجى ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى دىن ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
5 ) سۇ چىمىڭ قۇمۇل شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى
6 ) ئابدۇلتېپ ئاقمۇللا بايىنغولىن ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
7 ) مەمەت ئىسرائىل ئاقسۇ ۋىلايىتى ئاۋات ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى
8 ) غېنى ھېلىم قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
9 ) ئەركىن مامۇت قەشقەر ۋىلايىتى مارالبېشى ناھىيىلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى
10 ) ھەبىبۇللا باقى خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
11 ) ساۋۇت ئەمەت ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇدىرى
12 ) ئانارگۈل قارىماي شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ئۇنىۋېرسال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
13 ) ليۇ دوڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى
14 ) ئەخەت مۇسا بورتالا ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ياردەمچى تەتقىقاتچىسى

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# 2005 ـ يىللىق مىللەت ، دىن ئىشلىرى ئۈچۈر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ، ئىلغار شەخس ، مۇنەۋۋەر ئۈچۈرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەت، دىن
ئىشلىرى كومىتېتىگە ، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك ، ئوب-
لاستلىق ، شەھەرلىك مىللەت ، دىن ئىشلىرى كومى-
تېتلىرىگە، ئورگاندىكى ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانا،
كەسپىي ئورۇنلارغا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى
جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتى، ئىسلام دىنى ئى-
نىستىتۇتىغا:

2005 ـ يىلى ، ئاپتونوم رايونىمىز مىللەت ، دىن
ئىشلىرى ئۈچۈر خىزمىتىدە پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى ۋە
پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ، 4 ـ،
5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يېتەكچى قىلىنىپ ،
ئاپتونوم رايونىمىز مىللەت ، دىن ئىشلىرى مەركىزىي
خىزمىتى زىچ چۆرىدەلدى. مۇھىم نۇقتا، قىزىق نۇقتا
ئۈچۈرلىرىنى توپلاش، يېزىش، يوللاش خىزمىتى ۋاق-
تىدا تاماملىنىپ، ئۈچۈرلارنىڭ سانى ۋە سۈپىتىدە
يۈكسىلىش بولۇپ، يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى
. ئۈچۈر خىزمىتى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ
تەدبىر بەلگىلىشىدە، شۇنداقلا ئاساسىي قاتلاملارنىڭ
خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، مىل-
لەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى
قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئىلغارلارنى رىغبەت-
لەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر
ئىشلىرى كومىتېتى ( دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) نىڭ
«مىللەت ، دىن ئىشلىرىغا دائىر ئۈچۈر خىزمىتىنى
باھالاش، مۇكاپاتلاش چارىسى » دىكى بەلگىلىمىلەرگە
ئاساسەن ، 2005 ـ يىللىق مىللەت ، دىن ئىشلىرىغا
دائىر ئۈچۈرلارنىڭ يوللىنىش ئەھۋالى ، ئىشلىتى-
لىش سانى، سۈپىتى ۋە كونكرېت خىزمەت ئەمەلى-
يىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كومىتېت ( ئىدارە ) پارتگۇ-
رۇپپىمىز مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ، 2005 ـ يى-
لىدا نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان خوتەن ۋىلايەتلىك
مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق تۆت
ئىلغار كوللېكتىپ ، جياڭ پەن قاتارلىق 12 ئىلغار
شەخس ۋە «شىنجاڭنىڭ چىرا ناھىيىسىدە ‹ شەرقىي
تۈركىستان › بەلگىسى ئىشلىتىلگەن زور مىقداردى-
كى تۈرمۈش بۇيۇملىرى بايقالدى » قاتارلىق 18 پارچە
مۇنەۋۋەر ئۈچۈرنى تەقدىرلەشنى قارار قىلدى.

تەقدىرلەنگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ شان ـ شە-
رىپىنى قەدىرلەپ، مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن
ساقلىنىپ، يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز . شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا ، ھەر دەرىجىلىك مىللەت ، دىن خىزمىتى
تارماقلىرى ۋە ئۈچۈر خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىلغار ئو-
رۇن ۋە ئىلغار شەخسلەردىن ئۆگىنىپ، ئۈچۈر
خىزمىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قۇ-
رۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ، ئاپتونوم رايونى-
مىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى،
ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي
ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى
زىچ چۆرىدەپ ، يېڭىلىق يارىتىپ ، جاسارەت بىلەن
ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت،
دىن خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن
تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قوشۇمچە:

«ئاپتونوم رايونىنىڭ 2005 ـ يىللىق مىللەت ،
دىن ئىشلىرى ئۈچۈر خىزمىتىدىكى ئىلغار كول-
لېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر » .

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومى-
تېتى ( دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) پارتگۇرۇپپىسى

2006 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

قوشۇمچە :

# ئاپتونوم رايوننىڭ 2005 - يىللىق مىللەت ، دىن ئىشلىرى ئۇچۇر خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر

**بىرىنچى ، ئىلغار كوللېكتىپ تۆت ئورۇن :**

خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى

سانجى ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى

ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى

**ئىككىنچى ، ئىلغار شەخسلەر 12 نەپەر :**

| | |
|---|---|
| جياڭ پەن | خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| گۈلقىز ئىمىن | قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| ما گوفېن | سانجى ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| زۆھرە | ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| روڭ لۇن | ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| ياڭ گۇاڭدۇڭ | تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| ما يىڭفۇ | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| لىي شيەنلياڭ | بايىنغولىن ئوبلاستلىق مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| جەن چاڭلى | ئالتاي ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| ما شيەن | تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن |
| ئابلەت ھەسەن | دىن ئىشلىرى 1 - باشقارمىسىدىن |
| لى پىڭ | ئاپتونوم رايونلۇق ھەج خىزمىتى ئىشخانىسىدىن |

## ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىدىن كۆرۈنۈشلەر



2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا (ئالدىنقى رەت سولدىن 2 - كىشى) قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنتەربىيە سارىيىنى كۆزدىن كەچۈردى.



2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ 1 - قېتىملىق تەييارلىق خىزمىتى يىغىنى بورتالا شەھىرىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا (ئوتتۇرىدا) يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.



2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا (ئالدىنقى رەت سولدىن 2 - كىشى) ئەنتەربىيە مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى. (ليۇتوڭ فوتوسى)

## مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا بورتالا ئوبلاستىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ بولدى



2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن 2 - كىشى) بورتالا ئوبلاستىنىڭ رەھبىرى شى شاۋلىننىڭ ھەمراھلىقىدا بورتالا ئوبلاستىنىڭ دىن خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.



2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا (ئوڭدىن ئۈچىنچى كىشى) بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا مىللەت، دىن خىزمىتى ئەھۋالىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى.



2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، مۇئاۋىن رەئىس جاپپار ھەبىبۇللا (ئالدىنقى رەت سولدىن 1 - كىشى) بورتالا ئوبلاستىدىكى دىنىي زاتلاردىن ھال سورىدى.

([illegible])

# ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى




2006 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق دىن خىزمىتى يىغىنى مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى تارماق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) رەھبەرلىرىدىن ليۇ جېنچياڭ، ھاپىز نىياز، رېشىت نىياز، ما شاۋشىن، شۇ شىجيې، خې جۇگدې، خىسامىددىنلار يىغىنغا قاتناشتى. ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئورگىنىدىكى باشقارما - ئىشخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى.



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجېنچياڭ يىغىندا خىزمەت دوكلاتى بەردى.



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇدىرى (ئىدارە باشلىقى) ھاپىز نىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە خۇلاسە سۆزى قىلدى.



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى) رېشىت نىياز يىغىندا سۆز قىلدى.




ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى (مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى) ماشاۋشىن تەقدىرلەش قارارىنى ئوقۇپ ئۆتتى.



يىغىن مەيدانى كۆرۈنۈشى.

# مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېت مۇدىرلىرى تارماق يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇدىرى (ئىدارە باشلىقى) ھاپىز نىياز گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە.



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىيۇجېنچياڭ گورۇپپا مۇزاكىرىسىدە.




ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر لۇ خېيپىڭ يىغىندا سۆز قىلدى.




قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يۈەن جيەنشىن يىغىندا سۆز قىلدى.




تورپان ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى جىچياڭ يىغىندا سۆز قىلدى.




خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خې چېڭگاڭ يىغىندا سۆز قىلدى.




ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياقۇپ ئۆمەر يىغىندا سۆز قىلدى.

(يۇقارقى سۈرەتلەرنى ليۇتوڭ تارتقان)




2005 ـ يىللىق ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەت، دىنغا دائىر ئۇچۇر خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇنلار. (ۋاڭ ۋېيشىڭ فوتوسى)




يىغىندا بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى. سۈرەتتە: مەملىكەت بويىچە دىن خىزمىتى سىستېمىسىدىكى «4 ـ بەش يىللىق» قانۇن ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپلار. (ۋاڭ ۋېيشىڭ فوتوسى)



ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ رەھبەرلىرى ئىلغار كوللېكتىپلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.




2005 ـ يىللىق «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلىغا ماقالە ئويۇشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپلار. (ۋاڭ ۋېيشىڭ فوتوسى)



يىغىن مەيدانى كۆرۈنۈشى. (ليۇتوڭ فوتوسى)

# 2005 ـ يىللىق « مىللەت ۋە دىن » ژۇرنىلىغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتىغا، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرىغا، ئورگاندىكى ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى، بۇددا دىنى جەمئىيىتى، ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىغا:

2005 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتى تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە ھەر مىللەت ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت، دىن مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئۇچۇر يەتكۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ، يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىلغارلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، ژۇرنال ئىشلەش سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق بەش ئورۇننى «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلىغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، لىيۇ شىنجيەن قاتارلىق يەتتە نەپەر يولداشنى ماقالە يوللاشتىكى مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر قىلىپ تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدى.

تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنىڭ شان ـ شەرىپىنى قەدىرلەپ، مەغرۇرلۇق، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، پائال ئالغا ئىنتىلىپ، تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتى سېستىمىسىدىكى كەڭ خىزمەتچى، كادىرلارنىڭ تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ژۇرنال ئىشلەش خىزمىتىنى پائال قوللاش، ئاكتىپلىق بىلەن ماقالە يوللاپ، ياخشى ماقالىلارنى كۆپلەپ چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر، دىن خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**قوشۇمچە :**

2005 ـ يىللىق «مىللەت ۋە دىن » ژۇرنىلىغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلار :

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) پارتگۇرۇپپىسى

2006 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

**2005 ـ يىللىق «مىللەت ۋە دىن» ژۇرنىلىغا ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلار قوشۇمچە:**

**بىرىنچى ، ئىلغار كوللېكتىپلار :**

1. قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى
2. سانجى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى
3. ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى
4. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى
5. بايىنغولىن ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى

**ئىككىنچى ، مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلار :**

1. لۇ جيەن (ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىقتىساد باشقارمىسىدىن )
2. جۇ باۋجاڭ (ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىشخانىسىدىن )
3. ئابلىكىم ئابلا ( قاراماي شەھەرلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن )
4. لىيۇ شىنجيەن ( قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن )
5. ئۆركىنخان ساتىرباي ( ئىلى ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن )
6. ئابلىتىپ ئاقمۇللا ( بايىنغولىن ئوبلاستلىق مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن )
7. مېھرىگۈل ( ئالتاي ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتىدىن )

# ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ 1 - قېتىملىق تەييارلىق خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

**ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا**
(2006 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى)

يولداشلار:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، تەنتەربىيە ئىدارىسى باشقۇرىدىغان، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئۈستىگە ئالغان ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنى بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە بورتالا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايون 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە بىرىنچى قېتىملىق يىغىن ئاچتى. بۇ 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ رەسمىي باشلىنىپ، ماھىيەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى. تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا يەنە بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قالغان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ يەردە تەييارلىق خىزمىتى يىغىنى ئېچىۋاتىمىز، ئاساسلىق مەقسىتىمىز كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تەخىرسىزلىك ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك باشلىنىشى ۋە تەشكىللىك ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەييارلىق خىزمىتى قەدىمىنى تېزلىتىپ، 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىنى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئالاھىدە ئۆتكۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بايا، ئوبلاست رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى ئىشخانىسىدىكى يولداشلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۈستىگە ئېلىش خىزمىتى، «ئومۇمىي قائىدە»، «يەككە تۈرلەر قائىدىسى» ۋە تەشۋىقات خىزمىتى توغرىسىدا سۆزلىدى. يولداشلارنىڭ ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، ياخشى تەكلىپ - پىكىرلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1985 - يىلىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايون مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بەش نۆۋەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشتەك روھىي قىياپىتى، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئاپتونوم رايونىمىزغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى نامايان قىلدى. بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، ئۇزۇندىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ كېلىۋاتقان، تۆھپە قوشۇۋاتقان يولداشلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن! بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە شۇنداقلا ئوبلاستتىكى 45 مىليون ھەر مىللەت ئاممىسىغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ھەمدە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن!

تۆۋەندە 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى، 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر**

**ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش لازىم**

ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىز «11 ـ بەش يىللىق» پىلانىنى يولغا قويۇشقا باشلىغان تۇنجى يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر قېتىملىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسى كاتتا يىغىنى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە سەۋىيىسىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان، 2007 ـ يىلى گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلىدىغان 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرىدىغان مۇھىم بىر مەشىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۆۋەتلىك مىللەتلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا ياخشى تەييارلىق كۆرۈش، تەنھەرىكەت يىغىنىنى ياخشى تەشكىللەش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەشتەك روھىي قىياپىتىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئاپتونوم رايونىمىزغا ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى نامايەن قىلغىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەنە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا يەنە بەش ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت قالدى، تەييارلىق خىزمىتىنىڭ ۋاقتى قىس، ۋەزىپە ئېغىر. بىز چوقۇم «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئەتراپلىق پىلانلاپ، تۈرلۈك تەييارلىق خىزمىتىنى جىددىي، ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك ئىشلەپ، 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن يىغىن قىلىپ ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىمىز لازىم.

**ئىككىنچى، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەستايىدىل تەشكىللەپ، 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن چىڭ تۇتۇش كېرەك**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ئوبلاستتىكى بارلىق كادىرلار ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئارقىلىق ئومۇمىيلىقنى ئىدارە قىلىپ، پۇختا ئىشلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلاردا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئوبلاستنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، ھەممە گۈللەپ ياشناشتەك چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، چوڭ تىپتىكى ئاممىۋى تەنھەرىكەت پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈش شەرتى ۋە ئەۋزەللىكى ھازىرلاندى. بورتالا ئوبلاستىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىنىش ئارقىلىق قارار قىلىنغان. بورتالا ئوبلاستى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، بورتالا ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى بىر تۈرلۈك مۇھىم ۋەزىپە قاتارىدا چىڭ تۇتتى. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، پۈتۈن ئوبلاستتىكى 450 مىڭ ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشى ئارقىسىدا، بورتالا ئوبلاستى تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان بۇ ئېغىر ۋەزىپىنى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىيالايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنى بىر تۈرلۈك مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. شۇڭا بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا چوقۇم ئەتراپلىق پىلانلاپ، ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلەپ ھەم مۇسابىقە خىزمىتىنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش، ھەم تەشكىللەش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى بىرىنچى قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بورتالا ئوبلاستى ھازىردىن باشلاپ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ، ئەستايىدىل تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشى، مۇسابىقە، ئويۇن كۆرسىتىش، كۈتۈۋېلىش، چوڭ تىپتىكى پائالىيەت، ياكى ئامانلىق قوغداش خىزمىتى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسىدە پىلان بولۇش، كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئىشلارغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن، دەرھال خىزمەتكە كىرىشىپ يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت، ئەڭ ئۈستۈن تەلەپ بويىچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلىشى كېرەك. تۈرلۈك خىزمەت لايىھىلىرىنى تېزدىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىدىيىنى، تەدبىرلەرنى، مەسئۇلىيەتنى نەقلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا چوقۇم ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھەر بىر خىراجەتنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، تېجەشلىك بولۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، چەكلىك خىراجەتنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى ئىشلىتىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بورتالا ئوبلاستى 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تەشۋىقات لايىھەسى بويىچە رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت ـ ژۇرنال، تور بېتى قاتارلىق كۆپ خىل ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ۋە يوللاردىن پايدىلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى داغدۇغىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن ئوبلاستتا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇنى ئاكتىپ قوللايدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىدىغان ياخشى ۋەزىيەت ۋە قويۇق كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## ئۈچىنچى، 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، مىللەتلەر تەنتەربىيىسى خىزمىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك

بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ياخشى بولۇش ـ بولماسلىقىدا ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇننىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، تەنتەربىيە ئىدارىسى ئۆتكەن ھەر نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنلىرىدا ياخشى ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى. ياخشى ئەنئەنىلەرنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، زىچ ماسلىشىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىگىلارنى ئادا قىلىپ، تەنھەرىكەت يىغىنىغا يېتەكچىلىك قىلىش، ماسلاشتۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، بۇ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ داغدۇغىلىق، تەنتەنىلىك، ئېپىل، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكىلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋي تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئاساسلىق باشقۇرۇش فونكسىيىسىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، بۇ خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق

تەنتەربىيە ئىدارىسى، تەنتەربىيە كەسپىي ئورگىنى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنھەركەت يىغىنىنىڭ مۇسابىقىگە تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك مۇسابىقىلەرنىڭ كۈن تەرتىپىنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. بولۇپمۇ تەنھەركەتچىلەر ۋە رېپىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەنتەربىيە ئەخلاقىغا خىلاپ ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇسابىقە نەتىجىسىنىڭ ئادىل، توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، تەنتەربىيە ئىدارىسى بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنھەركەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ، 2007 - يىلى گۇاڭجۇدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنھەركەت يىغىنىدا ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىگە قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى مەكتەپلەرگە ئەكىرىش خىزمىتىنى پىلانلىق قانات يايدۇرۇشى لازىم. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ساقلاش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىشىنى ساقلاشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يول. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسىغا پائال ماسلىشىپ، مۇنەۋۋەر تەنھەركەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھازىر بار بولغان تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ۋە تەنتەربىيە ئۇل ئەسلىھەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مىللەتلەر تەنتەربىيىسى بويىچە تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇپ چىقىپ، تەنھەركەتچىلەرنىڭ مۇسابىقىلىشىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىللەتلەر تەنتەربىيىسى مۇسابىقە تۈرلىرىنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىدىكى نەتىجە ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى تەنتەربىيە ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە دائىملىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا بولغان قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ سېلىنمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەنتەربىيىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىشى كېرەك. تەنھەركەتچىلەرنى ئالماشتۇرۇشنى باشقۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەنتەربىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى مۇۋاپىق، تەرتىپلىك ھالدا كۆچۈشكە رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىز - باسار ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇنەۋۋەر تەنھەركەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ۋە داۋاملىق تەربىيىلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت تەنتەربىيە تايانچ ئىگىلىرى قوشۇنىنى كەسپىلەشتۈرۈشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىگە دائىر نەزەرىيە مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەركەت يىغىنىدا تەسىس قىلىنغان مۇسابىقە تۈرلىرىنى پىلانلىق كىرگۈزۈپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنھەركەت يىغىنىدىكى رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

**تۆتىنچى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئەنئەنىۋىي تەنھەركەت يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل تەشكىللەش كېرەك**

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيىسىنىڭ مەنبەسى ھەر مىللەت خەلقى بولۇپ، ئۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يىلتىز تارتقان. ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى دائىم قانات يايدۇرىدىغان مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ ئاساسلىق شەكلىدۇر. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنھەركەت يىغىنىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلەش جەريانىدىكى خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈش جەريانىدا جايلارنىڭ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، مۇسابىقىگە پائال تەييارلىق كۆرۈش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىنى بىر تۇتاش پىلانلاش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگىلى؛ تەشكىللەش، پىلانلاش، ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مىللەتلەر تەنتەربىيىسى تەرەققىياتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتكىلى؛ ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئاممىا بىلەن ئالاقىلىشىش پۇرسىتى ئارقىلىق، ئىدىيە ۋە ئىستىلنى تاۋلاپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا مۇلازىمەت قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى، مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تەييارلىق كۆرۈشنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش دەپ قارىشى، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى بىر قېتىملىق جۇغلانما دەپ قارىشى كېرەك.

جايلار ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ماس تەرەققىي قىلىشىنى بىر تۇتاش پىلانلاشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇپ، قەرەللىك دوكلات ئاڭلاپ تۇرۇشى، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، فونكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تەنتەربىيە خىزمىتىدە چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم. بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە «ئومۇمىي قائىدە»، «يەككە تۈرلەر قائىدىسى»دىكى كونكرېت تەلەپلەر بويىچە دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان تەنھەرىكەتچىلەرنى تاللاش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئۆز رايونىنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلىشى كېرەك. مۇسابىقىگە قاتنىشىش خىراجىتىنى بالدۇرراق چىقىرىپ، ئۆز رايونىنىڭ مۇسابىقە نەتىجىسىدە يېڭى بىر بۆسۈش بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئەترەتنىڭ ئىدىيە ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر مىللەت تەنھەرىكەتچىلىرى، تېرىنېر ۋە رېپېرلىرىدا ئېسىل ساپا ۋە تەنتەربىيە ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

جايلار مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا تەييارلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تەشۋىقات لايىھىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى يەنىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان غەمخورلۇقىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش كېرەك.

يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك باشلاندى. ھەممەيلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، جان تىكىپ ئىشلەپ، تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك ئىشلەپ، ئاپتونوم رايون 6 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشايلى.

قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى

# ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا مائارىپ ئاساس

ئادىلە ئەنەيتۇللا

ئومۇمىيۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش لازىم. پارتىيە 16 ـ قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 20 يىلىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، سانائەتلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈچۈرلىشىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا بىز يېڭى تىپتىكى سانائەتلىشىش يولىغا مېڭىپ، دۆلەتنى پەن ـ تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى ئارقىلىق دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستراتېگىيىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇشىمىز لازىم.

پەن ـ تېخنىكا، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنى زورايتىش دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «تەكلىپ»تە مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش، ئېلىمىزدىكى زور نوپۇس بېسىمىنى ئادەم كۈچى بايلىقى ئۈستۈنلۈكىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ تۈپ يولى. بۇ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ بىلىمگە ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىغا، ساپا مائارىپنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇپ، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىنى تېزلىتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە ساپا مائارىپىنىڭ ياخشى مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇيغۇن. پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىدىيىسىنىڭ تۈپ مەزمۇنى مائارىپنى ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. مائارىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئادەم كۈچى بايلىقى بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ جۇغلىنىشى ۋە يېڭىلىق يارىتىلىشىنى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئەقلىي كۈچ كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا مائارىپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئاساس خاراكتېرلىك، يول باشلاش خاراكتېرلىك رولغا ۋە ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە.

ئېلىمىزدە ئومۇمىيۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېزىلاردا. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ تۈپكى دۆلەت ئەھۋالى، بولۇپمۇ غەربىي قىسىمدىكى مىللىي رايونلارنىڭ رايون ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. هازىر ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادى ئومۇمىيۈزلۈك هاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرماقتا. يېزىلارنىڭ مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك هالدا ئارقىدا قېلىشى، شەھەر بىلەن يېزىلاردىكى

ئاھالىلارنىڭ ئاممىۋى مۇلازىمەت ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلاردىن بەھرىمان بولۇش جەھەتتىكى پەرقىنىڭ يەنىمۇ چوڭىيىشى «11 ـ بەش يىللىق » يىرىك پىلان مەزگىلىدىكى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كېلىۋاتقان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا يېزىلارنىڭ بولۇپمۇ غەربىي قىسىمدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا جايلاشقان نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

يىراق كېلەچەكنى كۆزلىگەندە مائارىپنى ئاساس قىلىش كېرەك. پۈتكۈل مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۇزاق مۇددەتلىك سىستېمىلىق قۇرۇلۇش. شۇڭا مائارىپنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

مائارىپنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ بىر دۆلەت ۋە بىر رايوننىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە رايون كۈچى بىلەن خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، سىنگاپور ھۆكۈمىتى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ مائارىپنى ئىسلاھ قىلىپ، خېلى ئۇستۇنلۇككە ئىگە زور بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، سىنگاپورنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. ئىسرائىلىيىنىڭ يەر مەيدانى كىچىك، بايلىقى كەمچىل بولسىمۇ، لېكىن ئىسرائىلىيە ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە يۇكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلار سانىنىڭ نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

دۆلىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويغاندىلا، ئاندىن نوپۇستىن ئىبارەت بۇ ئېغىر يۈكنى غايەت زور ئىختىساس ئىگىلىرى بايلىقى ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، مائارىپنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيىسى يەنىلا خېلى تۆۋەن، تەرەققىيات نىسبىي ئارقىدا، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ تەلىپىگە تېخىچىلا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە تەربىيىلىنىش سەۋىيىسى يەنىلا پەقەت سەككىز يىل ئەتراپىدا بولغان. بىز پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپتا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، مائارىپ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، مائارىپ سۈپىتى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مائارىپقا بولغان سېلىنمىسىنى داۋاملىق كۆپەيتىپ، ئاساس، مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئاپتونوم رايونىمىزغا نىسبەتەن ئالغاندا، مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ساپا مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشىمىز لازىم. يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئىككى ئاساس»نى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپى ۋە زامانىۋى يىراق مۇساپىلىق

مائارىپنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، «خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىلاش تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنقى قوش تىللىق ئوقۇتۇش ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ قوش تىللىق تايانچ ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق يولغا قويۇپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تېزلىتىشىمىز لازىم.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. باش شۇجى خۇ جىنتاۋ ۋە زۇڭلى ۋېن جياباۋنىڭ قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى قوللاش توغرىسىدىكى مۇھىم تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن دۆلەت تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، خەلق بانكىسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى «نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش يىرىك پىلانى» (2005 — 2010 ـ يىلى) نى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. بۇ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. 2005 ـ يىلى 6 ـ سېنتەبىر بۇ «يىرىك پىلان» گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن رەسمىي ئېلان قىلىندى. نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەر مەملىكەت بويىچە جەمئىي 22 بولۇپ، نوپۇسى 100 مىڭدىن ئاز بولغان مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا تاجىك، تاتار، رۇس، ئۆزبېك قاتارلىق تۆت مىللەت بار. بۇ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى: نوپۇسى بىر قەدەر ئاز، ئەڭ ئازلىرىنىڭ ئاران بىر نەچچە مىڭلا ئادىمى بار، كۆپىنچىلىرى چېگرا رايوندا ۋە چەت، يىراق رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، زور كۆپچىلىكى يېزا ـ مەمۇرىي كەنتنى بىرلىك قىلغان ھالدا يېزا مەھەللىلىرىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بۇ مىللەتلەر سىياسىي جەھەتتە قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشتى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ئۆستى. لېكىن، چەت ـ يىراق جايلارغا جايلىشىش، تەبىئىي شەرت ـ شارائىتى ناچار بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي سەۋىيىسى نىسبىي ھالدا ئارقىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، نامراتلىق مەسىلىسى يەنىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولماقتا. بۇ مەسىلىلەر «11 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدەش، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتەك ئاساسىي نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا تەدرىجىي ھەل قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ جايلاردا مائارىپنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم.

( ئاپتور : شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باشلانغۇچ مائارىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى )

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەت، دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش ھەققىدە بىر قانچە تەسەۋۋۇر

مۇختار ھېيت

يېڭى ۋەزىيەتتە، پارتىيىنىڭ مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەت، دىن خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، مىللەت، دىن خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىشتا، ئىناق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن بىر ئاز سانلىق مىللەت، پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق قارايمەنكى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا مىللەت، دىن خىزمىتىنى ھەقىقىي ئوبدان ئىشلەشتە، جەزمەن تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتا بويىچە قول سېلىپ ئىشلەش لازىم.

بىرىنچى، مىللەت، دىن خىزمىتىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى بىلەن چېتىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش لازىم. دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەش پارتىيىمىز دىن بىلەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىزدىنىش ئاساسىدا قولغا كەلتۈرگەن توغرا يەكۈن، شۇنداقلا مىللەت، دىن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ توپ جەريانى ۋە ئاساسىي نىشانى. ئېلىمىزدىكى كۆپ ساندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىنتايىن چوڭقۇر دىنىي ئېتىقاد بار، دىن ئۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپ. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت ۋە مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تەكشىسىز، زىددىيەتلەر گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. مىللىي مەسىلىلەر كۆپىنچە كونكرېت مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە ئىپادىلەنمەكتە. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن قارىغاندا، دىنلارنىڭ سىڭىپ كىرىشى مىللىيلىشىشى كۈچىيىپ بارماقتا. دىنىي مەسىلىلەر دائىم دېگۈدەك ئايرىم جايلاردا مىللىي مەسىلىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، دائىم دېگۈدەك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر يۈز بېرىدۇ. پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەت، دىن خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، جەزمەن مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى، جاپالىقلىقى ۋە مۇرەككەپلىكلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز، «ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇرمۇشتا باياشات بولۇش، يېزا قىياپىتى مەدەنىي بولۇش، يېزا مۇھىتى پاكىز، رەتلىك بولۇش، باشقۇرۇش دېموكراتىك بولۇش» تەلىپى بويىچە، مىللەت، دىن خىزمىتىنى يېڭى يېزا بەرپا قىلىش ئومۇمىي گەۋدە يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئىلمىي باشقۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىشتا پايدىسىز كونا قائىدە - يوسۇنلارنى چۆرۈپ تاشلاشقا يېتەكلىشىمىز، مەدەنىي، ساغلام، ئىناق تۇرمۇش شەكلىنى تەشەببۇس قىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ئىككىنچى، مىللەت، دىن سىياسەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللەت، دىن خىزمىتى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم. مىللەت دېگىنىمىز ئىنسانلار تارىخىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق جۇغراپىيىلىك شارائىتتا، ئورتاق ئىقتىساد ۋە تۇرمۇشتا ھەمدە ئورتاق مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، ئورتاق پسىخىك ساپاسىنى يېتىلدۈرگەن ئورتاق گەۋدىدۇر. ۋاھالەنكى دىن بىر خىل كۆز قاراش خاراكتېرىدىكى ئىدىئولوگىيە ۋە تارىخىي ھادىسە. مىللەت مەسىلىسىدە، پارتىيىمىز: ھەرقايسى مىللەتلەر مەيلى ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن، تارىخىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدىن، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر ھەممىسى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان، شۇڭا ئۇلار بىردەك باراۋەر، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. دىن مەسىلىسىدە، پارتىيىمىز ماركس-

سىزملىق دىن قارىشىغا ئاساسەن، دۆلىتىمىزنىڭ دىن مەسىلىلىرى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى چەكسىز گەۋدىلەندۈردى.

يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن پۈتكۈل جەمئىيەتتە «ئۈچ ئاساس بىلىم» (يەنى، مىللەت نەزەرىيىسى، مىللەتلەر سىياسىتى، مىللەتلەرگە ئائىت ئادەتتىكى ساۋات)، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» (يەنى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ) ۋە «تۆت قوغداش» (يەنى، خەلق مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىناقلىقىنى قوغداش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش) تەشۋىقىي تەربىيىسى پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈپ، مىللەتلەر مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈپ، مىللەتلەر تەنتەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېزىلار، قىيىن نۇقتىسى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ رايون ئەھۋالى ناچار، تەبىئىي شارائىتى ئوسال، نامراتلىق دائىرىسى كەڭ، تەرەققىياتتىكى قىيىنچىلىقمۇ چوڭ. شۇڭا، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە تەڭ قەدەم بىلەن ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقتىن ئىبارەت باش نىشانغا مۇناسىۋەتلىك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تېزلىتىش ئۈچۈن مەركەز يۆلەش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ مەركەزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بولغان غەمخورلۇقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن پارتىيە 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئومۇميۈزلۈك، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىسىدە ئۇزۇن مۇددەت چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن تەرەققىياتى بىر قەدەر كەينىدە قالغان مىللىي نامرات رايونلارغا قارىتا، ئۈنۈملۈك، ئالاھىدە سىياسەت - تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شەرت - شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلىشىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تەرەققىيات ئاساسىي شەرت - شارائىتى نىسبىي ياخشىراق بولغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قارىتا يۆلەش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇش شەرت - شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن تەڭ ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر بۆلەك زاپاس تۈرلەرنى تۇرغۇزۇپ، جۇملىدىن مەمەلىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئېچىش، قوللاش تەلىپىگە ئۇيغۇن تۈرلەرنى تاللاپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشىمىز، بۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ھەل قىلىشقا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى تەدرىجىي ھەل قىلىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچى، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، مىللەت، دىن خىزمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك. يېڭى تارىخىي شارائىتتا مىللەت، دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە دىڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە «ئۈچكە ۋەكىل-

لىك قىلىش » مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ
، پارتىيە 16 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ
ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ياخشى ئۆگە-
نىپ ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ، ئادەمنى ئاساس قى-
لىشتىن ئىبارەت مەۋقەنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئۇنى ھەر-
كىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ ، ئىلمىي تەرەققىيات
كۆز قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇپ ، دىنىي سا-
ھەنىڭ ئىتتىپاق ، مۇقىم بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە
قىلىشىمىز ، شۇنداقلا «دىن خىزمىتى نىزامى »نى
ئۆگىنىش ، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى
تۇتىشىمىز لازىم. بىرىنچىدىن ، «نىزام »نى ئۆگە-
نىشنى ، ئىزچىللاشتۇرۇشنى بىر پۇرسەت دەپ قاراپ
، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنغا دائىر سىياسەتلىرى ،
قانۇن ـ پەرمانلىرىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى
زورايتىشىمىز ؛ ئىككىنچىدىن ، چېگرا سىرتىدى-
كىلەرنىڭ دىنىي سىڭدۇرمىچىلىكىگە تاقابىل تۇ-
رۇش سالمىقىنى ، ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ قالغان ئام-
مىنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ، يېتەكلەش خىز-
مىتى سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم . ئۈچىنچىدىن ،
دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇل بولۇش ، ئۆز تەۋەلىكى بو-
يىچە باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە مىللەت ، دىن
خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، ئام-
مىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ياخشى بىر تەرەپ قى-
لىپ ، ئۇلار ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى ئەستايى-
دىل ھەل قىلىش لازىم . بۇنىڭ بىلەن خەلق ئارى-
سىدىكى زىددىيەتلەرنى يېشىپ ، ئاممىۋىي خاراك-
تېرلىك ۋەقەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە مۇۋاپىق بىر
تەرەپ قىلىپ ، ئاپەتنى بىخ ھالىتىدىلا ھەل قىلىپ ،
مىللەت ، دىن خىزمىتىنى قانۇن ـ تۈزۈملەشتۇرۇ-
شىمىز ۋە قېلىپلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

بەشىنچى ، مىللەت ، دىن خىزمىتى سالمىقىنى
ئاشۇرۇپ ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا مۇقىم
ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشىمىز لازىم. «دىن
خىزمىتىدە كىچىك ئىش يوق » . يېقىنقى بىر قانچە
يىلدىن بېرى ئاقتۇ ناھىيىمىز مەركەزنىڭ شىنجاڭ-
نىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا دائىر تۈرلۈك چوڭ ـ
چوڭ تەدبىر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەستايىدىل ئىز-
چىللاشتۇرۇپ ، پارتىيىنىڭ مىللەت ، دىن سىياسى-
تىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۇرۇپ ، تونۇشتا «-
مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ » دېيىدىغان
ئىدىيىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ ، ھەرىكەت جەھەتتە
«تەشەببۇسكارلىق بىلەن زەربە بېرىش ، باش كۆتۈر-
گەن ھامان ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ، دۈشمەنگە ئالدىن قول
سېلىش » فاڭجېنىدا باشتىن ـ ئاخىر تەۋرەنمەي ،
«ئۈچ خىل كۈچ »كە قاتتىق زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى
ساقلاپ كەلدى. «ئۈچنى باشقۇرۇش ، بىرگە مەسئۇل
بولۇش ئىككى خىل تۈزۈمى »نى قاتتىق ئەمەلىي-
لەشتۇرۇپ ، دىنىي پائالىيەت ، دىنىي سورۇن ۋە دىنىي
زاتلارنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتتى. بۇنىڭ
بىلەن ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى
، مۇستەھكەملەندى ، ئىقتىساد روناق تاپتى ، جەمئى-
يەت تەرەققىي قىلىپ ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى .
يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر ئالدىدا ، مىللەت ، دىن
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ، جەزمەن تۆۋەندىكى
بىر قانچە ھالقىنى ياخشى تۇتۇش لازىم.

بىرىنچىدىن ، «ئۈچ خىل كۈچ »كە ھەمدە ھەر
تۈرلۈك جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە باشتىن ـ
ئاخىر قاتتىق زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى ساقلاش لا-
زىم. دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىپ ، قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ دىندىن پايدى-
لىنىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشىنىڭ ، جىنايەت
سادىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش
لازىم. ئىككىنچىدىن ، دىنىي سورۇنلارغا بولغان قا-
نۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، نۇقتىلىق را-
يونلارنىڭ مەركەزلىك تۈزەش ۋە مەخسۇس تۈزەش
خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت
رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ مەسچىد ۋە دىنىي زاتلار
بىلەن ئالاقىلىشىش ، سۆھبەتلىشىش تۈزۈمىنى دا-
ۋاملىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرۇش لازىم . ئۈچىن-
چىدىن ، دىنىي زاتلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ،
ئۇلارغا بولغان تەلىم ـ تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇش ،
دىنىي زاتلارنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش
كېرەك. بۇ ئارقىلىق دىنىي زاتلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى
قوزغاپ ، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە
قانۇن ـ تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىر-
گۈزۈپ ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا
قىلىشقا مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش لازىم.

مەھمۇد ئىنايەت تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى مۇھىم ئاساس

(ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ھەققىدە قايتا مۇھاكىمە)

دىلى يۇڭ

دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىدىكى مۇھىم ئاساس.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولغاچقىلا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى بىلەن دىنىي جەھەتتىكى قىيىن، غۇلغۇلىلىق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا توغرا ئەكس ئەتتۇرەلىدى ھەمدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي خىزمەتلەر خۇسۇسىدىكى قانۇن - نىزام ۋە فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى نىشانلىق ھالدا تەشۋىق قىلىپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرالىدى. دېمەكچى، ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار بۇرۇنقى خىزمەتلەردە دۆلەتنى، دىنىنى سۆيۈش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئۈچۈن گەپ قىلىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غېمىگە ئورتاقلىشىپ، دىنىي ساھە ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى.

يېڭى دەۋر، يېڭى باسقۇچتىكى دىن ۋە دىنىي پائالىيەتلەردە بىر تۈركۈم يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. ۋاھالەنكى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن بولغان ئالاقىسى ئازىيىش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىنى چۈشەنمەسلىك، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى پىششىق بىلمەسلىك، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە تەسىر كۈچى كەمچىل بولۇش، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالماسلىق ئەھۋاللىرى يەنىلا مەۋجۇت. بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنى بىر ئالاھىدە بولغان ئاممىۋى تەشكىلات، ئۇنىڭ ھېچقانچە رولى يوق دەپ قاراپ، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قوللاش يېتەرلىك بولماسلىق؛ ئىككىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش، كەسىپ قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈلمە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەردە «ئاجىزلىق»لىرى مەۋجۇت؛ ئۈچىنچىدىن، «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات — كېڭەش ۋەكىلى، ھەيئەت — دائىمىي ھەيئەت، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما» ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يېتەرلىك، ئالاقە راۋان ئەمەس.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات بىر ئالاھىدە ئىجتىمائىي تەشكىلات، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالاردىن ئۆز ئىختىيارلىقى بويىچە تەشكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي فونكسىيىسى پارتىيە، ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ۋە سوتسىيالىزملىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەملىشىش، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە تەشكىللەش ۋە دىنىي ئىشلارنى ياخشى بېجىرىشتىن ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەر

دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەللىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىشىش، ئەڭ زور خەتىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر. دۆلەتنىڭ يۈكسەك مەنپەئەتىنى، خەلقنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئەتىنى قوغداش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات خىزمەتلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە مەۋقەسى.

ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، ھەيئەتلىرى ۋە دائىمىي ھەيئەتلىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. شۇڭلاشقا، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، ھەيئەتلىرى ۋە دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى دەل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ، ھەر خىل يوللارنى ئېچىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرى ۋە سادالىرىنى ئاڭلاپ، ئىگىلەپ ۋە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇۋاپىق دەۋا - دەستۇرلىرى ۋە يوللۇق مەنپەئەتلىرىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلات ئارقىلىق دۆلەت ئورگانلىرىغا يەتكۈزۈش ھەمدە رېئاللاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلانمىسا، خەلقنىڭ جاكارچىسى بولۇش قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىدىكى «كۆۋرۈك» ۋە «بەلۋاغ» بولۇشى تەسكە توختاپ، «ئىسمى بار، جىسمى يوق» نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى پائالىيەتتۇر! دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن قويۇق ئارىلىشىش، ئۇلارنىڭ دەردىنى ئاڭلاش، خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرىنى جۇغلاش، دەۋر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارغا ئاتا قىلغان مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، «ئىچكى جەھەتتە ساپانى ئۆستۈرۈش، تاشقى جەھەتتە ئوبرازنى تىكلەش» تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپكە ئاساسەن، جەمئىيەتلەر ئۆزىنىڭ ئىدىيەۋىي قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈلمە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، بولۇپمۇ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، ساغلام، مۇناسىپ ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئالاقە يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، ئالاقىلىشىش ئۇسۇللىرىنى مۇللاشتۇرۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، ھەيئەتلىرى ۋە دائىمىي ھەيئەتلىرى ئامما كۆز قارىشى بىلەن مەسئۇلىيەت ئېڭىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، خەلق مەنپەئەتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ، ئامما ئارىسىغا سىڭىپ كىرىپ، خەلق ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ، خەلقنىڭ ھالىغا يېتىپ، دۆلەت ۋە دىننى سۆيۈپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىپ، مۇقىملىقنى قوغداپ، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، خەلقنىڭ ئۈممىدىنى يەردە قويماسلىقى ھەمدە ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشىدىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنىڭ ئىلمىيلىشىش، دېموكراتىيىلىشىش ۋە تۈزۈملىشىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

زاكىر تەرجىمىسى
تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، لاياقەتلىك دىنىي خادىملار قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقايلى

(خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

خوتەن چەت، نامرات، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋىلايەت. ۋىلايەت بويىچە هازىر 4339 مەسچىد بار، بۇنىڭ ئىچىدە جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغىنى 1618؛ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىم 4997 نەپەر. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى كۆپ، ئېتىقادچى ئاممىا كۆپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنى كۆپ، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار كۆپ بولۇشتىن ئىبارەت «تۆت كۆپ بولۇش» تەك ئالاھىدە رايون ئەھۋالى دىنىي خىزمەتنى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ تۇرلۇك خىزمەتلىرىدە بولۇپمۇ مۇقىملىق خىزمىتىدە پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى بەلگىلىگەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، بىز دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەمنى ئاساس قىلىپ، دىنىي زاتلارنى «ئۈچنى سۆيۈش» بويىچە تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ياش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئىز ـ باسارلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ، ئىشىنىشكە، تايىنىشقا، ئىشلىتىشكە بولىدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىپ، خوتەننىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغدىدۇق.

## بىرىنچى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى ئاساسىي ئۇسۇللىرى

خوتەندە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئاچقۇچى دىننى ياخشى باشقۇرۇشتا، ئۇنىڭ يادروسى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەش. بىر تۈركۈم لاياقەتلىك دىنىي خادىملار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ھەقىقىي تۇردە ئالاھىدە تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان پارتىيىسىز ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، دىنىي زاتلارنىڭ ئىدىيە ۋە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، «ۋەتەننى، سوتسىيالىزمنى، دىننى سۆيۈش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايون بويىچە باشلامچى بولۇپ قانات يايدۇردى. 2000 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتە تەربىيىلەنگەن دىنىي زات 9780 ئادەم قېتىم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تەربىيىلىگىنى 2193 ئادەم قېتىم، ۋىلايەت تەربىيىلىگىنى 7587 ئادەم قېتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئالتە يىل ئىچىدە ناھىيە (شەھەر)لەر تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تەربىيىلىگەن دىنىي زات 16 مىڭ 500 ئادەم قېتىمغا يەتتى.

### 1. رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، ئاپپاراتلار مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، تەشكىللەش ئىنچىكە بولدى

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، «ئۈچنى سۆيۈش» تەربىيىسىنىڭ سان ـ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە مەخسۇس ئۈچ نەپەر ۋىلايەت رەھبىرىنى گۇرۇپپا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى قاناشتۇرۇلغان، ۋىلايەتلىك ئاساسىي قاتلام بىرلىك سەپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتى كادىرلىرى ۋە دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، تەربىيىلەش خىزمىتىنى بىر تۇتاش تەشكىللەپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش تەلىپى بويىچە تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويدى. ھەر بىر قارار كۇرسنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغا ۋىلايەت رەھبەرلىرى تولۇق قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

2005 ـ يىلىدا ۋىلايەت رەھبەرلىرى 34 ئادەم قېتىم كۇرسىنىڭ ئېچىلىش ۋە ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. 2005 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جۇ خەيلۇن، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئەركىن تۇنىياز 9 ـ قارارلىق دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، ئادەم، مالىيە جەھەتلەردىن زور كۈچ بىلەن قوللاپ، تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

**2 . مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، قاراتمىلىق كۈچەيتىلىپ، نىشان ئايدىڭلاشتۇرۇلدى**

دىنىي خادىملار قوشۇنىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز تەربىيىلەش داۋامىدا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئەمەلىي ئۈنۈمنى ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەر يىلى بىردىن ئىككىگىچە چوڭ مەسىلىنى مەركەزلىك ھەل قىلدۇق. 2000 ـ يىلى ئىدىيىنى تازىلاش ۋە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسى ۋە تۈرلۈك بىدئەت سەپسەتىلەرگە زور كۈچ بىلەن رەددىيە بەردۇق؛ 2001 ـ يىلى ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىردەكلىكى تەربىيىسىنى نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈردۇق؛ 2002 ـ يىلى پۇقرالىق ئېڭى تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈردۇق؛ 2003 ـ يىلى دىنىي زاتلارغا بولغان «بەش قاراش» تەربىيىسىنى كۈچەيتتۇق؛ 2004 ـ يىلى «تۆتنى يۈكسەك تونۇش» تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈردۇق؛ 2005 ـ يىلى «تۆتنى قوغداش» ئېڭىنى ئۆستۈرۈش تەربىيىسىنى گەۋدىلەندۈردۇق. تەربىيىلەش ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ «تۆتنى قوغداش»، «تۆتنى تونۇش» ئېڭى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار «ئالاھىدە تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان پارتىيىسىز ئاساسىي قاتلام كادىرى» نىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ۋەتەننى سۆيۈش نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇش ئىرادىسىنى ئۇرغىتىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىپ، ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك بولۇپ، خۇراپاتلىقنى تاشلاپ، مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولدى.

**3 . ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق، ئۇسۇل جانلىق، دەرسلىكلەر ئىلمىي بولدى**

تەربىيىلەشنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەر قارارلىق كۇرسىنىڭ ۋاقتى 20 كۈندىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تەربىيىلەش جەريانى يۇقىرى كۆتۈرۈش باسقۇچى، ئۆز ـ ئۆزىنى ئانالىز قىلىش باسقۇچى، ئۆزگەرتىش باسقۇچى، خۇلاسىلاش باسقۇچىدىن ئىبارەت تۆت باسقۇچقا بۆلۈندى، تەربىيىلەش مەزمۇنى جەھەتتە ئاساسىي قانۇن، قانۇن، پارتىيىنىڭ مىللەت ـ دىن سىياسىتى، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت تۈزگەن دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش تەدبىرلىرى، «يېڭى تۈزۈلگەن ۋەز ـ تەبلىغلەر» ئاساسلىق مەزمۇن قىلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە بىدئەت سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىش، دىنىي بىلىملەر، پەن ـ تېخنىكا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەربىيىسى قاتارلىق دەرسلەرمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، دىنىي زاتلارنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تونۇشى كۈچەيتىلدى، ئۇلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىش قىزغىنلىقى قوزغىتىلدى.

دىنىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جانلىق، كۆپ خىل دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بىرىنچىدىن، دىنىي زاتلار ناھىيە، يېزىلاردىكى ئۈلگە كۆرسىتىش باغلىرى، دىنىي زاتلار ئىچىدىكى پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرى، ۋاڭ ۋېينىڭ قەبرىسى ۋە سۇ ئۆزگەرتىش خاتىرە مۇنارى، ئۇلۇغئاتا سۇ ئىنشائات تۈگۈنى، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش رەسىم كۆرگەزمىسى قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللەندى؛ ئىككىنچىدىن، تەربىيىلەش ئوقۇشلۇق ماتېرىيالىنىڭ قاراتمىلىقى، جەلپكارلىقى ئاشۇرۇلۇپ، «دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار ئوقۇشلۇقى» تۈزۈپ چىقىلىپ، ھەر بىر دىنىي زاتقا بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ بېرىلدى؛ ئۇ-

چىنچىدىن، دەرس ئۆتۈشتە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۆز جايىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، جانلىق مىساللار ئارقىلىق تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى؛ تۆتىنچىدىن، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە تەكلىپ قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلار دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر قارارلىق كۇرسقا ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى، «ئۈچ پېشقەدەم»لەر دەرس ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىپ، دىنىي زاتلار ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىشقا، تەسىرات يېزىشقا تەشكىللەندى؛ بەشىنچىدىن، كۇرس ئارىلىقىدا مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، كۇرسانتلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشى بېيىتىلىپ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى زېھىن سىناش مۇسابىقىسى ۋە مەدەنىيەت تەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى؛ ئالتىنچىدىن، مۇنەۋۋەر كۇرسانتلارنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى؛ يەتتىنچىدىن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا كوللېكتىپ ئىرادەنامە ئىمزالاندى؛ سەككىزىنچىدىن، ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىلىق مەزمۇنلارنى قېزىپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش جەھەتتە ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

**4 . تەربىيىلەش كۈچەيتىلىپ، يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۈنۈم كېڭەيتىلدى**

تەربىيىلەش ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەپ كېڭەيتىش ئۈچۈن، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە لاياقەتلىك، بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئابرويى ۋە لېكسىيە سۆزلەش قابىلىيىتى بار بولغان دىنىي زاتلارنى بايقاشقا ئەھمىيەت بەردۇق ۋە سەييارە لېكسىيە سۆزلەشكە تەشكىللىدۇق. 2000 - يىلىدىن بۇيان ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلەر ھەر يىلى دىنىي زاتلارنى يېزا - بازارلار، نۇقتىلىق كەنت، تۇرمە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سەييارە لېكسىيە سۆزلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۈزمۇ يۈز تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى. ئالتە يىلدىن بۇيان ۋىلايەت ئىلگىرى - كېيىن 36 نەپەر دىنىي زاتنى 197 مەيدان لېكسىيە سۆزلەشكە تەشكىللەپ، 411 مىڭ 764 نەپەر ئاممىنى تەربىيىگە ئىگە قىلدى. ناھىيە، شەھەر، يېزا - بازارلاردا 500 مەيداندىن ئارتۇق لېكسىيە سۆزلىنىپ 1 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئامما تەربىيىلەندى. دىنىي زاتلار ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىنى تەشۋىق قىلىپلا قالماي يەنە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەت - دىن سىياسىتىنىمۇ تەشۋىق قىلغاچقا، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. بىرىنچىدىن، ئېتىقادچى ئاممىغا پارتىيىنىڭ مىللەت - دىن سىياسىتىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى سىياسەت ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلدى؛ ئىككىنچىدىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر تارقاتقان ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سالىدىغان ھەر خىل سەپسەتىلەرگە رەددىيە بېرىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، «يېڭى ۋەز - تەبلىغلەر» چۈشەندۈرۈلدى ۋە تەشۋىق قىلىندى؛ تۆتىنچىدىن، پىلانلىق تۇغۇت، ئاياللار ئازادلىقى، روپاش ئارتىش ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەسلىكى تەشۋىق قىلىندى؛ بەشىنچىدىن، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ ھالال ئەمگەكى بىلەن بېيىغان دىنىي زاتلار نەق مەيداندا بېيىش تەجرىبىلىرىنى ۋە تەسىراتىنى سۆزلىدى؛ ئالتىنچىدىن، يۇرتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ۋەتەننىڭ گۈللىنىپ قۇدرەت تاپقانلىقى تەشۋىق قىلىندى؛ يەتتىنچىدىن، دىنىي زاتلارنى، تەشكىللىك ھەج قىلغۇچىلار ۋە ئۆز ئالدىغا ھەج قىلغۇچىلارنى تەشكىللەپ، تەشكىللىك ھەج بىلەن ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغان ھەجنىڭ پايدا - زىيىنى، ھەج سىياسىتى ۋە بەلگىلىمىلىرى، دىنىي ئەھكاملاردىكى ھەج قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك شەرتلەر تەشۋىق قىلىندى. لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى جايلاردىكى دىنىي زاتلار ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ھەر بىر مەيدان لېكسىيىدە مەيدان ئادەمگە لىق تولۇپ، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. «ئۈچىنى سۆيۈش» تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى زورايتىلدى. لوپ ناھىيىسىنىڭ بەش توغراق ناھىيىسىدىكى بەش نەپەر ئايال لېكسىيىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىغا بېرىپ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللان-

دى ؛ قاراقاش ، كېرىيە ناھىيىلىرىدە ئىككى نەپەر دىنىي زات ئۆزىنىڭ قىزى ۋە كېلىنىنىڭ چۈمبەلىنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. بىر قىسىم ئېتىقادچى ئامما قارىغۇلارچە ھەج قىلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى.

**5 . تەربىيىلەش بىلەن «تەپسىر» خىزمىتى زىچ بىرلەشتۈرۈلدى**

بىز تەربىيىلەش داۋامىدا «تەپسىر» نىڭ ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، «يېڭىدىن تۈزۈلگەن ۋەز ـ تەبلىغلەر» ۋە «ۋەز ـ تەبلىغلەردىن قوللانما»نى تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، «تەبلىغ توپلىمى»دىن تەبلىغ سۆزلەش مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر تارقاتقان «سىلەر خۇدادىن باشقا ھېچنېمىدىن قورقمىساڭلارمۇ بولىدۇ»، «كومپارتىيىنىڭ تۈرمىسىگە كىرمىگەنلەر مۆكەممەل مۇسۇلمان ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاش 25 خىل بىدئەتكە قارىتا ئابرويلۇق، دىنىي بىلىمى يۇقىرى دىنىي زاتلارنى سىياسەت، قانۇن، دىنىي ئەھكام، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەھەتتە رەددىيە بېرىشكە مەخسۇس تەشكىللەپ، دىنىي خادىملار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق.

«يېڭىدىن تۈزۈلگەن ۋەز ـ تەبلىغلەر» ۋە «ۋەز ـ تەبلىغلەردىن تاللانما»نى تەشۋىق قىلىپ ۋە كېڭەيتىپ، يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىنغان 12 مىڭ پارچە «تەبلىغ توپلىمى»نى دىنىي زاتلارغا ۋە بىرلىك سەپ، مىللەت ـ دىن خىزمىتى كادىرلىرىغا بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ بەردۇق. دىنىي خادىملارنىڭ سىياسىي ساپاسى ۋە دىنىي بىلىمىنىڭ تەكشى بولماسلىق ئەھۋالىغا قارىتا بىر تەرەپتىن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ ياردەملىشىپ تەربىيىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قاتلاملار بويىچە كېڭەيتىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملاردا دىنىي ئەھكاملارغا قارىتا توغرا چۈشەنچە ۋە تونۇش ھاسىل قىلىپ، تەبلىغ پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئۇلاردىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا «ۋەز ـ تەبلىغ قوللانمىسى» بويىچە تەبلىغ قىلىش، چوقۇم نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى، قانۇن بەلگىلىمىلەر ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى ئەخلاق ئىستىلىنى تەشۋىق قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق.

**6 . ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ئىز ـ باسارلىرى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈلدى**

بىرىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تالىپ تەربىيىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلدى. ئاۋۋال تالىپ تەربىيىلەيدىغان دىنىي زاتلارنىڭ سالاھىيىتى قاتتىق بېكىتىلىپ، تەربىيىلەيدىغان تالىپ سانىغا چەك قويۇلدى. تالىپلارنىڭ شەرتى ۋە تاللاش تەرتىپى، تالىپلارنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى تەربىيىسى، تالىپ تەربىيىلەيدىغان دىنىي زات ۋە تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىدىكى ھەرىكىتى قاتارلىقلارغا قارىتا قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى ھەمدە تالىپلار ۋە دىنىي زاتلار ئىلمىي باشقۇرۇلدى. بىر تەرەپتىن دىنىي زاتلار ۋە تالىپلارغا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ، ئىز قوغلاپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، كەلگۈسىدە تالىپلارنى ئىشلىتىش، بىلىمىنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن، گۇۋاھنامە ئارقىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، تالىپلارغا تالىپلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، ئوقۇش مۇددىتى توشقاندا گۇۋاھنامە ۋە نەتىجىسىگە ئاساسەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، شۇ ئارقىلىق تالىپلارنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، باشقۇرۇشنى قوبۇل قىلىشقا بولغان تونۇشى كۈچەيتىلدى. نۆۋەتتە ۋىلايەت بويىچە 204 نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات 841 نەپەر تالىپنى تەربىيىلەۋاتىدۇ (بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇش پۈتتۈرگىنى 299 نەپەر، ۋەزىپىگە قويۇلغىنى 218 نەپەر، ئوقۇۋاتقىنى 542 نەپەر).

ئىككىنچىدىن، دىنىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ تەربىيىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قاراردا 14 نەپەر ئوتتۇرا ياش، ياش

ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئاپتونوم رايوننىڭ يېرىم يىللىق كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى؛ 30 نەپەردىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەر تالىپ جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئىز ـ باسارلار يېتىشتۈرۈپ چىقىلدى.

## ئىككىنچىدىن، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر

كۆپ يىللىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق ۋىلايىتىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1. دىنىي زاتلارنىڭ ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ باراۋەرلىك ئېڭى، يۇقرالىق ئېڭى كۈچەيتىلدى. ئالاھىدە ئىمتىياز ۋە راھەتپەرەسلىك ئىدىيىسى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىش ئېڭى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلدى. نۆۋەتتە ۋىلايەت بويىچە دىنىي خادىملار ۋىلايىتىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىكتىكى «ئالتە 300 مىڭ» قۇرۇلۇشى ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، بىر تۈركۈم پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغۇچىلار مەيدانغا كېلىپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا نىسبەتەن نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى ئوينىدى. تولۇقسىز ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2005 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە 2 مىڭ 323 دىنىي زات ئائىلىسى تۈرلۈك تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 2000 يۈەندىن ئاشقىنى 1293 ئائىلە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 2000 يۈەندىن 4000 يۈەنگىچە بولغىنى 861 ئائىلە، 4000 يۈەندىن 5000 يۈەنگىچە بولغىنى 217 ئائىلە، 5000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە بولغىنى 170 ئائىلە، 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولغىنى 46 ئائىلە بولغان.

2. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ئۈنۈملۈك قوغدالدى. دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپ، قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇش ئىدىيىسى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزۇلۇپ، دىندىن پايدىلىنىپ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، نىكاھ، پىلانلىق تۇغۇتقا ئارىلىشىش ئەھۋاللىرى زور كۆلەمدە ئازايتىلىپ، دىنىي كەيپىيات ئۈنۈملۈك سۇسلاشتۇرۇلدى. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلىدى، 1999 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە يۈز بەرگەن قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت 1000 دىن كۆپ بولغان بولسا، 2005 ـ يىلى ئاران 157 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار مەلۇم قىلغىنى 32؛ 1999 ـ يىلى روپاشلارنىڭ سانى 100 مىڭغا يېقىن بولغان بولسا، 2005 ـ يىلى 10 مىڭدىن تۆۋەن بولدى. بولتۇر رامىزان مەزگىلىدە قاراقاش ناھىيىسىدە تۆت نەپەر دىنىي زات «ئىزبوت» ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتىنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشىنى ۋاقتىدا توسۇپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، بۇ ناھىيىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشتى.

3. دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىنىڭ مۇقىملىق ئېڭى، ئومۇملۇق ئېڭى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش قارىشى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. 2003 ـ يىلى رامىزان مەزگىلىدە، خوتەن شەھەر ھېيتگاھ مەسچىدى دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، بۇ مەسچىدنىڭ مەسچىد باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى، دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، بۇ ئىشقا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسى بىلەن توغرا مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلاندى.

2004 ـ يىلى باھار بايرىمىدا خوتەن ناھىيىسىدىن بىر نەپەر دىنىي زات تېپىۋالغان 26 پاي تاپانچا ئوقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ بەردى.

4. دىنىي خادىملارنىڭ توغرا «تەبلىغ قىلىش» قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ۋەز ـ تەبلىغ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق دىنىي ساھە ساپلاشتۇرۇلۇپ، دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەھكاملارنى توغرا ئىگىلىتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئاجىزلاشتۇرۇلدى. بىر قىسىم دىنىي زاتلاردا خەۋپ ـ خەتەر تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، دىنىي بىلىملەرنى ۋە توغرا تەبلىغ قىلىش ئۇسۇلىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

5. ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۈچلۈك ئىنكاس ۋە ياخشى ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا قىلدى. بىرىنچىدىن، سىياسەت ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دىنىي ساھەگە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇلدى؛ ئىككىنچىدىن، ۋىلايىتىمىزنىڭ دىنىي زاتلار قوشۇنىنىڭ ئىز ـ باسارلىرى كەمچىل بولۇش، ياشىنىپ قېلىش، دىنىي بىلىمى يېتەرسىز بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى؛ ئۈچىنچىدىن، شەرتى توشىدىغان قىسمەن دىنىي زاتلارنىڭ تالىپ تەربىيىلىشىگە يول قويۇلۇپ، تالىپ تەربىيىلەيدىغان دىنىي زاتلارنىڭ دىنىي خادىملار ۋە ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى مۇئەييەن دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ياخشى يېتەكلەش رولىنى ئوينىدى.

## ئۈچىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى

بۇ بىر نەچچە يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىغاندا، بىز دىنىي خىزمەتنىڭ ئاچقۇچى ئادەم مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، يەنى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار قوشۇنىنى ياخشى تەربىيىلەش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق. بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىرىنچىدىن، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە داۋاملىق بوشاشماي چىڭ تۇتۇپ، «ئۈچنى سۆيۈش» تەربىيىسى مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىمىز؛ ئىككىنچىدىن، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مەزمۇننى بېيىتىپ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ قاراتمىلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمىز، تەربىيىلەشتە مۇھىم نۇقتىنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى «تۆتنى تونۇش»، «تۆتنى قوغداش»تا چىڭ تۇرىدىغان، بىر قەدەر يۇقىرى ئاڭغا ئىگە بولغان «ئالاھىدە تارىخىي ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغان پارتىيىمىز ئاساسىي قاتلام كادىرى»دىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. تەربىيىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزئارا يېتەكلەش تەربىيىسىنى يولغا قويۇپ، «تۆتنى بىرلەشتۈرۈش»نى ئىشقا ئاشۇرىمىز. يەنى ① سىڭدۈرۈش تەربىيىسى بىلەن كۆرسانتىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قوزغىتىش تەربىيىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىمىز؛ ② نەق مەيداننى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇرۇش بىلەن دەرسخانىدا تەربىيىلەشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىمىز؛ ③ سىياسىي جەھەتتە تەربىيىلەشنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن «ۋەز ـ تەبلىغ» ۋە «تەپسىر»نى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىمىز؛ ④ مەخسۇس ئاپپارات تەربىيىلەشنى تۇتۇش بىلەن تارماقلار پائال ماسلىشىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرىمىز؛ تۆتىنچىدىن، بىر قىسىم ئىشەنچلىك ياش دىنىي زاتلار ياكى تالىپلارنى تاللاپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ياكى جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ، بىر تۈركۈم ياش ۋەتەنپەرۋەر تايانچ دىنىي زاتلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىمىز.

ئومۇمەن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، خوتەننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشقا ئىشەنچىمىز كامىل.

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ «خرىستىيان دىنى ۋە كاتولىك دىنى»نىڭ بىنورمال تەرەققىياتىنى توسۇش جەريانىدا ئىشلەنگەن خىزمەتلەر

(ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

يېقىندىن بۇيان، «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئەستايىدىل ئىزچىل يولغا قويۇپ، مەملىكەتلىك دىنىي خىزمەت يىغىنى، ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خرىستىيان دىنى ۋە كاتولىك دىنى جەھەتتە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، «ئىككى دىن» ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، «ئىككى دىن»نىڭ بىنورمال تەرەققىي قىلىش ھالىتىنى توسۇپ، «ئىككى دىن»دىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش جەھەتتە دەسلەپكى نەتىجىگە ئېرىشتۇق.

## 1. «ئىككى دىن»نىڭ ئاساسىي ئەھۋالى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە «ئىككى دىن»نىڭ تارقىلىش تەرەققىيات تارىخى ئۇزۇن ئەمەس. «كاتولىك دىنى» 80 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە كىرگەن بولۇپ، ئېتىقادچى ئامىمىدىن ئاران بىر نەچچىسى بار ئىدى. خرىستىيان دىنى 50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە ئاقسۇغا كىرگەندىن كېيىن، پەيدىنپەي تارقىلىپ تەرەققىي قىلغان. ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولدىكى، 1987 - يىلى ۋىلايەت بويىچە خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما 800 گە يەتمەيدىكەن. 2005 - يىلى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سالغاندا، رويخەتكە ئالدۇرغان خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما 3100 گە يەتكەن (بۇنىڭدىن باشقا ئېقىپ يۈرۈپ رويخەتكە ئالدۇرمىغانلىرىدىن 2157 سى بار بولۇپ، بۇ يېزا ئىگىلىك 1 - دېۋىزىيىسىنىڭ تۆەن، مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما 210 غا يەتكەن، ۋىلايەت دائىرىسىدىكى سەككىز ناھىيە، بىر شەھەر ئىچىدە پەقەت كەلپىن ناھىيىسىدىلا «ئىككى دىن» مۇخلىسى بايقالمىدى. ھازىر خرىستىيان دىنى چېركاۋى ۋە پائالىيەت نۇقتىسىدىن يەتتىسى بار. بۇنىڭ ئىچىدە چېركاۋدىن تۆتى بار (ئاقسۇ شەھىرى، كۇچا ناھىيىسى، ئونسۇ ناھىيىسى ۋە باي ناھىيىسىدە بىردىن). ھازىر خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما 5257 (بۇنىڭ ئىچىدە تىزىملانغىنى 3100، تىزىملانمىغىنى 2157)، خرىستىيان دىنى كەسپىي خادىمى 21 (رەسمىي تەستىقلاپ تەيىنلەنگىنى 17 نەپەر، ھەممىسى دىن تارقاتقۇچى)، كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما 210 دىن ئارتۇق، رىياسەتچىسى ۋە پائالىيەت سورۇنى يوق.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ 90 - يىللاردىن كېيىن «ئىككى دىن»نىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولۇپ، شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. خرىستىيان دىنىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان بىدئەتچىلىك پائالىيىتىمۇ كۆپ بولدى. بىرىنچىدىن، قىسمەن ناھىيە (شەھەر) لەردىكى خرىستىيان دىنى چېركاۋىنىڭ ئايرىم خادىملىرى ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاست ھالقىپ دىن تارقىتىپ، مۇرتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇردى؛ ئىككىنچىدىن، ئەركىن دىن تارقاتقۇچىلار مەخپىي دىن تارقاتتى؛ ئۈچىنچىدىن، ئاللىبۇرۇن بىكار قىلىنغان ئاتالمىش «ئېتىقادچىلار ئۇيۇشمىسى» (مېنتۇخۇي)، «چوقانچىلار گۇرۇھى»، «ئىككى سەر ئاشلىق»، «بىپايان دەشت گۇرۇھى» قاتارلىق بىدئەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى خرىستىيان دىنى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۈزلۈكسىز پائالىيەت قىلدى. يېقىندا يەنە «ئەسىر ئىلاھى»، «ئومۇمىي دائىرىلىك دىن ئۇيۇشمىسى»نىڭ پائالىيەت ئىزناسى بايقالدى؛ تۆتىنچىدىن، چېگرا سىرتىدىكىلەر خرىستىيان دىنىدىن پايدىلىنىپ سىڭدۈرمىچىلىك قىلىۋاتىدۇ، ئاساسلىقى تەشۋىقات ۋارىقى، «ئىنجىل»، دىنىي كىتاب - ژۇرنال ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق مۇرت يېتىشتۈرمەكتە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خرىستىيان دىنىي تەشۋىقات قوللانمى-

لىرىنى تارقىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە خرىستىئان دىنىنى تارقاتماقتا؛ بەشىنچىدىن، «ئىككى دىن» مۇرتلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس، كېلىمات شەكىللەندۇرۇشى تەس، دەپ قاراشتەك «ئېتىراپ قىلماسلىق، باشقۇرماسلىق» ھادىسىسى مەۋجۇت؛ ئالتىنچىدىن، «ئىككى دىن»نىڭ كۆپ ساندىكى مۇخلىسلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى نىسبەتەن تۆۋەن، دۆلەتنىڭ دىن سىياسىتى ۋە قانۇن - نىزاملىرىغا بولغان چۈشەنچىسى كەمچىل، دىنىي ئەقىدە، دىنىي ئەھكاملارنىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ، ھەتتا قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەت بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتنى ئېنىق ئايرىيالمايدۇ؛ يەتتىنچىدىن، «ئىككى دىن»نى باشقۇرۇشقا ئائىت ئۆلچەملىك، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بولغان ھۆججەت ۋە قانۇن - نىزام كەمچىل، خىزمەتنىڭ قېيىنلىق دەرىجىسى نىسبەتەن چوڭ.

## 2. «ئىككى دىن» ئىشلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش — ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆلچەم قىلىپ، «نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ — مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت» دېگەن ئىدىيىۋى قاراشنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككى دىن» ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى توسۇپ ۋە بىكار قىلىپ، «ئىككى دىن»نىڭ بىنورمال تەرەققىي قىلىش ھالىتىنى توسۇپ، «ئىككى دىن» ئىشلىرىنى قانۇن ۋە سىياسەت دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق.

1) رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتنى مۇكەممەللەشتۈردۇق. ئاقسۇ ۋىلايىتى گەرچە كۆپ دىن ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان رايون بولمىسىمۇ ئەمما ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە كاتولىك دىنىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئوبيېكتىپ رېئاللىق. ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە «ئىككى دىن» خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بىرىنچىدىن، «ئىككى دىن»نى باشقۇرۇشنى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتتى. ئىككىنچىدىن، ۋىلايەتتە ۋالىي گۇرۇپپا باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن ۋالىي مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولغان دىن خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، «ئىككى دىن»دا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش تەدبىرى ۋە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۈچىنچىدىن، «ئىككى دىن»نى باشقۇرۇش تورى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك دىن خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن 10 ى قۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر دىن خىزمىتى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، «ئىككى دىن» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. تۆتىنچىدىن، سىرتتىن كېلىدىغان خادىملارنىڭ ۋە «ئىككى دىن» مۇخلىسلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشى، بىنورمال تەرەققىي قىلىشىدەك گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، 2004 - يىلى «ئىككى دىن»نى يەنە بىر قېتىم ئېنىقلاپ تەرتىپكە سالدۇق. ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا (بازار، كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى)، كەنت (مەھەللە) دىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، بىرلىك سەپ، مىللەت - دىن ئىشلىرى، بىخەتەرلىك، ج خ قاتارلىق تارماقلارنىڭ تايانچلىرى قاتناشقان خىزمەت ئەترىتى قۇرۇپ، ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يولغا قويدۇق. بەشىنچىدىن، ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىشنىڭ پرىنسىپى ۋە ئوبيېكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھازىرقى چېركاۋ (نۇقتا) لارنى قانۇن بويىچە تەرتىپكە سالدۇق. قانۇنسىز يىغىلىش نۇقتىلىرى، پائالىيەت نۇقتىلىرىنى قانۇن بويىچە ئېنىقلاپ چىقتۇق. بىدئەت خاراكتېرىنى ئالغان قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى بىكار قىلدۇق. قانۇنسىز پائالىيەتكە تەشكىللىگۈچىلەر، ئەركىن دىن تارقاتقۇچىلار، دىن تارقىتىش باھانىسى بىلەن مال - مۈلۈك قاقتى - سوقتى قىلغۇچىلارنى قانۇن بويىچە جازالىدۇق. پائالىيەت سورۇنى بىلەن تەمىنلەپ قوللىغۇچىلار، قانۇنسىز ماتېرىيال، ئۈن - سىن بۇيۇملىرىنى ياساش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەرگە نەسىھەت قىلدۇق ۋە ئۇلارنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدۇق. بۇ ئارقىلىق قانۇنسىز يىغىلىشقا قاتناشقان ئادەمنى يېتەكلىدۇق

ۋە تەربىيىلىدۇق.

2 ) قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز پائالىيەتلەرنى چەكلىدۇق ۋە توسدۇق.

( 1 ) ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچلۈك قويۇپ تەشكىللىدۇق. ۋىلايەتتىن مەھەللىلەرگىچە قاتلاممۇ قاتلام سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، «ئىككى دىن»نىڭ بىنورمال تەرەققىي قىلىشىنىڭ كەسكىنلىكى ۋە هازىرقى هالىتىنى ئەستايىدىل ئانالىز قىلىپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىياسەتنى ئىگىلەپ، تەشۋىق ـ تەربىيىنى ئېنىقلاپ، تەرتىپكە سېلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىك، ئىدىيىۋى تونۇش، خىزمەت تەدبىرى ۋە ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىشنى ئەمەلىيلەشتۈردۇق. سىياسەت، قانۇن ـ نىزام ۋە پرىنسىپ، تەدبىرلەرنى ئاممىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈردۇق.

( 2 ) ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكتىنى ئېنىقلىدۇق. تەشۋىق ـ تەربىيە، ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىشنى ئاساس، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما، چېركاۋ ( نۇقتا ) لاردىكى دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار سۆھبەت يىغىنى ئېچىشنى قوشۇمچە قىلىدىغان تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رويخەتكە ئالدۇرۇپ، تىزىملاپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ تەكتىنى ئېنىقلىدۇق. قانۇنسىز يىغىلىش نۇقتىسى ۋە پائالىيەت نۇقتىسىدىن 58 نى، پائالىيەتكە قاتناشقان ئاممىدىن 2476 نى، دىنىي پائالىيەتكە قاتنىشىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىدىن 633 نى، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاققۇندىن 2175 نى ئېنىقلاپ چىقىپ تەرتىپكە سېلىپ ئېنىقلاش خىزمىتىگە ئاساس سالدۇق.

( 3 ) ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىپ، قائىدە ـ تۈزۈم ئورناتتۇق. قانۇنسىز يىغىلىش نۇقتىسى ۋە پائالىيەت نۇقتىسىنى قانۇن بويىچە بىكار قىلىپ، ئەسلىدە بار بولغان ئۈچ چېركاۋ بىر نۇقتىنى تەرتىپكە سالدۇق. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن «ئۈچنى بېكىتىش»نى يولغا قويۇپ، خىرىستىئان دىنى پائالىيەت نۇقتىسىدىن ئۈچنى كۆپەيتتۇق. چېركاۋ ۋە يىغىلىش نۇقتىلىرىدا دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ قەرەللىك ئۆگىنىش تۈزۈمى، دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش تۈزۈمى، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش تۈزۈمى، سىرتتىن كەلگەن گۇمانلىق خادىملارنى دوكلات قىلىش تۈزۈمى، ئىجازەت ئالماي ئۆزى بىلگەنچە مۇخلىس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چەكلەش بەلگىلىمىسى قاتارلىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەپ، نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، «ئىككى دىن» خىزمىتىنى قېلىپلىشىش، قانۇنلىشىش يولىغا كىرگۈزدۇق.

( 4 ) تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، ساپانى ئۆستۈردۇق. ۋىلايىتىمىزدىكى «ئىككى دىن» كەسپىي خادىملىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش تۈزۈمى ۋە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دىنىي كەسپىي خادىملار ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرىنى هەر يىلى دېموكراتىك باھالاش ۋە سىناش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى دېموكراتىك نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش، ئىشلىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈردۇق. بىرىنچىدىن، هەر ھەپتىدە بىر قېتىم سىياسىي ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئورناتتۇق. ئىككىنچىدىن، خىرىستىئان دىنىدا دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان خادىملارنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ( دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) ئۇيۇشتۇرغان دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىشقا پائال ئۇيۇشتۇردۇق. ئۈچىنچىدىن، دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دىنىي كەسپىي خادىملىرىنى هەر يىلى پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملىرى بويىچە ئۇنىۋېرسال تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىش، قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ۋە «ئىككى دىن»دىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇردۇق.

( 5 ) يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، «ۋەز ئېيتىش»نى قېلىپلاشتۇردۇق. خىرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى-

نىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا چېركاۋ ( نۇقتا ) لار ئىشلىتىدىغان «ئىنجىل »نىڭ نۇسخىسىنى بىر تۇتاش بەلگىلەپ بەردۇق، ۋەز مەزمۇنلىرىنى چوقۇم ناھىيە ( شەھەر ) لىك مىللەت - دىن ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدۇق ، تەستىقتىن ئۆتمىگەن سىرتتىن كەلگەن خادىملارنىڭ چېركاۋ ( نۇقتا ) غا كىرىپ ۋەز ئېيتىپ بىدئەتچىلىكنى تەرغىب قىلىشىغا قەتئىي يول قويمىدۇق.

( 6 ) قاتتىق باشقۇرۇپ ، سىڭىپ كىرىشنى چەكلىدۇق. سىرتتىن كەلگەن ئاققۇنلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ رايون ئاتلاپ ۋەز ئېيتىش قاتارلىق قانۇنسىز پائالىيەت قىلىشىنى قاتتىق چەكلىدۇق. «قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش ، قانۇنسىزلىرىنى چەكلەش ، سىڭىپ كىرىشكە تاقابىل تۇرۇش ، جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش »تىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت بويىچە ، ئەركىن دىن تارقاتقۇچىلار ، قانۇنسىز يىغىلىشقا ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ ، قانۇنسىز يىغىلىشقا سورۇن ھازىرلاپ بەرگەنلەرنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتكە قاتناشقان دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرى ئەزالىرىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ياكى دىنىي كەسپىي خادىملارنىڭ دىنىي كەسپىي خادىملىق سالاھىيىتىنى بىكار قىلدۇق.

3 ) تۇرلۇك تۈزۈم تۈزۈپ، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورناتتۇق.

( 1 ) باشقۇرۇش ئاپپاراتى تەسىس قىلدۇق. «ئىككى دىن »نى باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىز پەيتنى پەملەپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ ، «ئىككى دىن » خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇشنى تەستىقلاپ ، ئىلگىرىكى ئىسلام دىنى ، خىرىستىئان دىنى ، كاتولىك دىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ھەرقايسى دىنىنى ئايرىم باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتتى.

( 2 ) مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورناتتۇق. ئومۇمەن «ئىككى دىن »غا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا بولغانلىكى جايدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چېركاۋ ( نۇقتا ) بىلەن ئالاقىلىشىش، مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، ۋىلايەت بويىچە «ئىككى تۈزۈم »گە قاتناشقان خەنزۇ كادىر 47 گە، بۇنىڭ ئىچىدە ھاكىم دەرىجىلىك كادىر 12 گە، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 35 گە يەتتى. ۋىلايەت ، ناھىيە، يېزا - بازار ( كوچا ئىش بېجىرىش ئورنى ) ، كەنت ( مەھەللە ) قاتلامىۇ قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاپ، «ئىككى دىن »نى باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۇردى ھەمدە تەكشۈرۈپ سىناش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۇتىدىغان ، دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇل بولىدىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردى.

( 3 ) قەرەللىك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش تۈزۈمى ئورناتتۇق. ناھىيە ( شەھەر ) لەردىكى چېركاۋ ( نۇقتا ) نىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا باشقۇرۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىدۇ. ناھىيە ( شەھەر ) لىك مىللەت - دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ھەر ئايدا بىر قېتىم خۇلاسە قىلىپ ، ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا يۇقىرىغا يوللايدۇ. ۋىلايەتلىك مىللەت - دىن ئىشلىرى كومىتېتى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم بىرلىك سەپ، سىياسىي قانۇن، ج خ ، بىخەتەرلىك قاتارلىق ھەمكارلاشقۇچى ئورۇنلارغا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئۇچۇر راۋان بولۇش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش، ئەھۋال ئىگىلەش، ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلەپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىدى.

## 3 . «ئىككى دىن » ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەسىراتىمىز

1 ) رەھبەرلىكنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى —«ئىككى دىن » خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كاپالىتى. ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر «ئىككى دىن » خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇنى ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ، سىياسىي مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ مۇھىم خىزمىتى قاتارىدا تۇتتى . ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش جۇ چاڭجې «ئىككى دىن » ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئىسلام دىنىنى باشقۇرغانغا ئوخشاش باشقۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ ، «ئىككى دىن » خىزمىتى ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ ۋە ئاڭلاپ ، مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى كۆرۈپ تەستىق سالدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش

كومىتېتىنىڭ شۇجىسى يولداش يەن گوسەن دىن خىزمىتىنى كونكرېت تۇتۇپ، «ئىككى دىن»نى باشقۇرۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە ئېنىق، كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلارنى «ئىككى دىن» خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، قوللاشقا چاقىرىپ ۋە يېتەكلەپ، ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى مۇھىم سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى.

2) ئاممىغا كەڭ تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىش — «ئىككى دىن» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسى. ئىلگىرى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما سىياسەت، قانۇن - نىزام ئېڭى تۆۋەن بولغاچقا نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بولىدىغانلىقىنى ئانچە بىلمەيتتى. ھەتتا بەزىلەر قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى دىنىي پائالىيەتنى چەكلىگەنلىك دەپ قاراپ، قارشىلىشىش كەيپىياتى شەكىللىنىپ، ماسلىشىشنى خالىمايتتى. كەڭ ۋە چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش نەتىجىسىدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىغا بولغان تونۇشى ئۆسۈپ، تەشۋىشلەنمەي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تىزىملىتىپلا قالماستىن بەلكى يەنە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ۋە ئىشلارنى ئاكتىپلىق بىلەن پاش قىلىپ، ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە ئىدىيىۋى ئاساس سېلىپ بەردى.

3) توغرا، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇش —«ئىككى دىن» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناھىيە (شەھەر) لەر «ئىككى دىن» ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش خىزمىتىدە ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە، بەزى ئۈنۈملۈك چارە ۋە تەدبىرلەرنى يەكۈنلەپ چىقتى. مەسىلەن، دىنىي زاتلارنىڭ ئۆگىنىش تۈزۈمى، دىنىي سورۇنلار ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، دىنىي مال - مۈلۈكنى باشقۇرۇش تۈزۈمى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «ئىككى خىل تۈزۈم» بىلەن ئالاقىلىشىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىقلار «ئىككى دىن» ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش جەريانىدا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

4) شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ بىرلەشكەن قىسمىنى چىڭ تۇتۇش — «ئىككى دىن» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر ھەمىشە خىزمەتلىرىمىز ئاجىز جايلاردا تارقىلىپ يامرايدۇ. شەھەر بىلەن يېزىلار تۇتىشىدىغان جايلار «ئۈچتە باشقۇرۇلمايدىغان» رايون بولۇپ، خادىملارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، يەنە كېلىپ خىزمەتلىرىمىز ئەمەلىيلەشمەيدىغان ئورۇندۇر. بىز تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، يۇقىرى - تۆۋەن ماسلىشىش، تارماقلار ھەمكارلىشىشتەك تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇشنى شەكىللەندۇرۇپ، يامان نىيەتلىك ئادەملەرنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان ۋە يامان ئىشلارغا يانتاياق بولىدىغان ئىشلارنى تۈگەتتۇق.

5) يېتەكلەش بىلەن تەربىيىلەشنى ئاساس قىلىش، يېتەكلەش بىلەن چەكلەشنى بىرلەشتۈرۈش —«ئىككى دىن» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى. «ئىككى دىن» ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا چەكلەش ۋە بىكار قىلىشنىڭ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلالمايلا قالماستىن يەنە كېلىپ ئېتىقادچىلار بىلەن بولغان زىددىيەتنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى، چەكلەش ۋە بىكار قىلىش بىلەن بىرگە ئاممىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئويلىشىپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتۇق. «ئۈچنى بېكىتىش» ئارقىلىق يوشۇرۇن پائالىيەتلەرنى ئاشكارىلىغىلى، بۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى ھەم باشقۇرۇشنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بەزى تەدبىرلەرنى تېپىپ، دەسلەپكى نەتىجىگە ئېرىشتۇق، ئەمما قىسمەن كادىرلارنىڭ «ئىككى دىن» خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشى ئەمەلىيلەشمەسلىك، «باشقۇرۇشنى خالىماسلىق، باشقۇرۇشقا ماھىر بولماسلىق»تەك مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. بىز ئۆگىنىشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، تىرىشىپ خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشىمىز.

تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مۇھەممەت

# شىنجاڭنىڭ مىللەت ، دىن خىزمىتى ئۇچۇرلىرى

**شىنجاڭنىڭ ئۆمەك تەشكىللەپ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى .** گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىسىدا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ، رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىدارىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئۇستىگە ئالغان 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى 2006 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى . ئاپتونوم رايونىمىز بۇ قېتىمقى كۆرەككە قاتنىشىش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى . 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 24 ـ قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنى ئېچىلىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىش لايىھىسى » مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ، مەدەنىيەت نازارىتى ، رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، مالىيە نازارىتىدىن تەركىب تاپقان كۆرەككە قاتنىشىشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇش ئىشى تەستىقلاندى . ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدە تەسىس قىلىندى . نۆۋەتتە ، تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشقا باشلىدى. (تەشۋىقات ـ مائارىپ باشقارمىسى )

**ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى .** 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. كومىتېت (ئىدارە ) رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى باشقارما، ئىشخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى . يىغىندا 17 مەدەنىي ئىشخانا، باشقارمىغا مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئورگان مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ جېنچياڭ مەدەنىي باشقارما، ئىشخانىلارنىڭ ۋەكىلى بولغان كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ فاڭيىڭ، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئەخمەت بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى. ئاخىرىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، «قىسقىغىنە بىر نەچچە يىلدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورگان ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي ئورۇندىن ئىبارەت ئىككى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇردۇق، مەدەنىي ئورۇن بەرپا قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنى ساقلاپ قېلىش تېخىمۇ ئاسان ئەمەس، بىز بۇنىڭدىن كېيىن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە تىرىشىش ئارقىلىق ، تېخىمۇ ياخشى نىشانغا يېتىشىمىز لازىم » دەپ كۆرسەتتى. (ئورگان پارتكومى )

**شىنجاڭنىڭ «10 ـ بەش يىللىق » پىلان مەزگىلىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى .** «10 ـ بەش يىللىق » پىلان مەزگىلىدە، دۆلەت شىنجاڭغا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىدىن جەمئىي 174 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئاجراتتى ، ئۇنىڭ 54 مىليون يۈەنى چېگرىنى گۈللەندۈرۈش، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ناھىيىلەرگە، 41 مىليون يۈەنى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يار ـ يۆلەك بولۇشقا ئىشلىتىلدى . شىنجاڭ مەبلەغنى تەقسىم قىلىش ۋە ئىشلىتىشتە ئاز سانلىق مىللەتلەر تە-

رەققىيات مەبلىغىنى سېلىش تەلىپى بويىچە، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر دۇچ كەلگەن ئالاھىدە قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم نۇقتا قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلاملاردىكى تېببىي داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرىغا 39 مىليون 570 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قاتلاملارنىڭ مائارىپىغا 35 مىليون 550 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا 22 مىليون 220 مىڭ يۈەن، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىغا 5 مىليون 950 مىڭ يۈەن، باشقا 136 تۈرگە 36 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئىشلەتتى. بەش يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى 42 مىللىي يېزىنىڭ 41 سى ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغىگە ئېرىشتى. مىللىي يېزىلارنىڭ 90 تۈرىگە جەمئىي 12 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. «10 - بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر تەرەققىيات مەبلىغى ئىشلىتىلگەن تۈرلەر 1180 گە، تۈرلەرنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، 88 ناھىيە، شەھەر، 587 يېزا - بازارغا يەتتى. (ئىقتىساد - تەرەققىيات باشقارمىسى)

**شىنجاڭنىڭ «دىن تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى.** «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دىن تەزكىرىسى» «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدىغان بىر تەزكىرە. شىنجاڭ يەرلىك تەزكىرە كومىتېتى بۇ كىتابنى 2006 - يىللىق نەشر پىلانىغا كىرگۈزدى. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ «شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دىن تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تېزدىن تاماملاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى يولداش ليۇ جېنچياڭ مۇدىر بولغان، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) نىڭ مۇدىرى ھاپىز نىياز، مۇئاۋىن مۇدىرى خې جۇگدې، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇ جېنكاڭ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان، ھەرقايسى ئالاقىدار كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلىرى ئەزا بولغان «دىن تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلدى ھەمدە «دىن تەزكىرىسى»نى يېزىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. (جانار)

**ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىدىن تەركىب تاپقان ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىچكىرىگە بېرىپ كەلدى.** يېقىندا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدىن كەلگەن 15 نەپەر ئاتا - ئانا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ بېيجىڭ، تيەنجىن، دالىيەن، چىڭداۋ، شاڭخەي، خاڭجۇ، نىڭبو، نەنجىڭ قاتارلىق 15 شەھەرگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە ئۇ يەردە ئوقۇۋاتقان پەرزەنتلىرىنى يوقلىدى. ئۇلار ئېكسكۇرسىيىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا قىلغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇر بەكرى ئاتا - ئانىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى پارتىيىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى مىللىي سىياسىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر»، «روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىدىغان بولساق ئىچكىرىنىڭ بۈگۈنى، بىزنىڭ ئەتىمىز بولىدۇ» دېدى. (ئىشخانا)

**ئالتاي يايلاقلىرىدىكى 80% چارۋىچى ئولتۇراقلىشىپ بولدى.** ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئالتاي يايلاقلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن قازاق چارۋىچىلارنىڭ 80% تى ھۆكۈمەت ياردەم قىلىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ قۇرۇپ بەرگەن چارۋىچىلار يېڭى كەنتىگە كۆچۈپ كىردى. كەنتنىڭ يوللىرىغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى، چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە سىملىق تېلېۋىزور، تېلېفون، سۇ تۇرۇبىلىرى ئورنىتىلدى، ئالتاي ۋىلايىتى كۆكتوقاي ناھىيىسى قارابۇلغۇن يېزىسىدا تارقاق ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان چارۋىچىلار ۋە نوپۇسى بىر قەدەر ئاز بولغان 10 مەمۇرىي كەنت شۇنداقلا بەش تەبىئىي كەنت بىرلىشىپ يېڭىدىن سەككىز كەنت بولۇپ شەكىللەندى ھەمدە ئۇ يەرگە تاغدىن كۆچۈپ چۈشكەن 1000 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇ-

راقلاشتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ھەر بىر ئائىلىلىك چارۋىچىغا 5000 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى، ئىككى مو جايلىق يەر ۋە كىشى بېشىغا 10 مودىن تېرىلغۇ يەر بۆلۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەنت رەھبەرلىرى ۋە تېخنىك خادىملارنى ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق، باقمىچىلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. (ئالتاي ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى نىزامى »ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.** بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ «دىن ئىشلىرى نىزامى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىغا بىر يىل بولدى. ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لىك مىللەت، دىن ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن تۈرلۈك ئۆگىنىش قىلىش، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈشتەك پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. بىر يىلدىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ دىنغا دائىر قانۇن ـ نىزام ۋە فاڭجېن ـ سىياسەتلەرگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى. «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئارقىلىق، مىللەت ـ دىن سىستېمىسىدىكى كادىرلارنىڭ دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى.

ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى سۇ لەيچى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مىللەت، دىنغا دائىر قانۇن ـ نىزاملارنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلىكىنى تولۇق تونۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتە «دىن ئىشلىرى نىزامى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دىنغا دائىر سىياسەت ۋە نىزاملارغا بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مىللەت، دىن خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كادىرلارنىڭ مىللەت، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، خىزمەت ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك. (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**تاشقورغان ناھىيىسى تاجىكئابات بازىرى مىللىي مەدەنىيەت ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.** يېقىندا، تاشقورغان ناھىيىسى ناھىيىلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىدىكى كەسپىي ئارتىسلارنى تاجىكئابات بازىرىغا ئەۋەتىپ، تاجىكئابات بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا بۈركۈت ئۇسسۇلى گىمناستىكىسىنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چالغۇ ئەسۋابلىرىغا ھەۋەس قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ۋە بازارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتىدىكى ئارتىسلارغا داپ، نەي، ئېلېكترونلۇق پىئانىنو ئۆگەتتى. بۇ قېتىمقى تەربىيىلەش ئارقىلىق، تاجىكئابات بازىرىدىكى بالىلارنىڭ ۋە بازارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتىدىكى ئارتىسلارنىڭ تاجىك ناخشا ـ ئۇسسۇلىنى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەكتەپ ۋە بازارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتىنىڭ ئويۇنلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، بازاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى كومىتېتى)

**دىنىي زاتلار مەكتەپكە ھاجەتخانا سېلىپ بەردى.** مەكىت ناھىيىسى يانتاق يېزىسى تۆۋەن ئاقتېكەن كەنتى 3 ـ ئەترەت ھېيتكار مەسجىدىنىڭ ياردەمچى خاتىپى ئابدۇرېھىم سادىق ساخاۋەتلىك ئىشلارنى كۆپ قىلىدىغان دىنىي زات. يېقىندا ئۇ يەنە 1500 يۈەن نەق پۇل ۋە خىش ـ كېسەك، ياغاچ ـ تاش چىقىرىپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە بىر ھاجەتخانا سېلىپ بېرىپ، مەكتەپتىكى 210 نەپەر ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىنىڭ ھاجەت قىلىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى. (قەشقەر ۋىلايىتى مەكىت ناھىيىلىك مىللەت ـ دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)

**قۇربان مۇھەممەت تەرجىمىسى**

# شىنجاڭنىڭ مىللەت، دىن خىزمىتى خاتىرىسى

### 1 ـ ئاي

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، دۆلەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى تۇنجى تۈركۈم غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكىدىكى 501 تۈرنى جەمئىيەتكە ئاشكارىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدىن 14 تۈر بار، شىنجاڭدىن كۆرسىتىلگەن تۈرلەر ئىچىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ داستانى «جاڭغىر»، «گېسار»، «ماناس» ۋە ئۇيغۇر مۇقامى (ئۇيغۇر 12 مۇقامى، تۇرپان مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى ۋە دولان مۇقامىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). تاجىكلارنىڭ بۈركۈت ئۇسسۇلى، شىنجاڭ مۇزىكىلىرى، قازاق مىللىتىنىڭ ئاقىن ئېيتىشىش، ئۇيغۇر دارۋازچىلىق ئويۇنىمۇ بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى «گېسار» داستانىنى شىنجاڭ بىلەن شىزاڭ قاتارلىق 7 ئۆلكە رايون ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىرلىشىپ ئىلتىماس قىلغان.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 500 نەچچە خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقى دۆلەتنىڭ 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ باھالانغاندىن كېيىن، يەنە خېجىڭ، لوپنۇر، چەرچەن، چاقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان 400 دىن كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقى يېقىندا ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ باھالاندى. بۇنىڭ بىلەن بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 900 دىن كۆپ مەدەنىيەت يادىكارلىقى دۆلەتنىڭ 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ باھالىنىپ، قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى.

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ فولكلور تەتقىقات مەركىزى بىلەن ئۈرۈمچى «ئىلچى» كىيىم ـ كېچەك سودا چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا پروفېسسور دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخمان، تەتقىقاتچى، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن، تەتقىقاتچى ئابدۇقېيۇم خوجا، دوكتور ئەسئەت سۇلايمان، پروفېسسور جاڭ لىبىڭ، دوكتور قەلبىنۇر قاتارلىق 13 كىشى «ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىككىلەمچى فونكسىيىسى ھەققىدە ئىزتىراپلىق خىياللار»، «ئۇيغۇرلارنىڭ بۆك مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇر كىيىملىرىنىڭ قەدىمىيلىكى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر كىيىملىرىنىڭ شەكىل گۈزەللىكى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ يېقىنقى 50 يىلى» دېگەن تېمىلاردا ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇپ، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، «شىنجاڭ ئەلئارا تەشكىلاتى تورى» (تور ئادرېسى: www.xjngo.gov.cn) يېقىندا رەسمىي ئېچىلدى. بۇ تور ئەلئارا تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇش، توردا خىزمەت قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال تور بېكىتى. بۇ تور بېكىتى سەھىپىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئەلئارا تەشكىلاتلار، تىزىملاش ئورگىنى، كەسپىي ئىشلارغا مەسئۇل ئورۇن، ئىش بېجىرىشتە يول كۆرسىتىش قاتارلىق 13 خىلدىكى 24 تۈرگە چېتىلىدۇ.

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە مەركىزىنىڭ تەنتەربىيە سارىيىدا ئاپ-

تونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 2006 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق كوللېكتىپ پەتىلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى.

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زور ھەجىملىك بەدىئىي مىراسى — «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» نى نەشر قىلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتى، بەدىئىي تالانتى ۋە ئەقىل پاراسىتىنىڭ نامايەندىسى ھېسابلىنىدىغان 12 مىليون خەتلىك بۇ زور ھەجىملىك قامۇس 12 تومدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ قامۇسقا 250 ئەپسانە ـ رىۋايەت، 341 چۆچەك، 746 لەتىپە، 9000 كوبلېتقا يېقىن قوشاق، 614 چاقچاق، 10 مىڭغا يېقىن ماقال ـ تەمسىل، 85 مەسەل، 31 داستان، 116 ئويۇن 41 لاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ قامۇس سەككىز فورماتلىق قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ قەدىمىيلىك پۇرقىنى نامايەن قىلىش، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ ساقلىنىش قىممىتى كۆزدە تۇتۇلدى.

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» قاتارلىق يەتتە ئاخبارات ئورنى بىيجىڭدا ئۆتكۈزگەن جۇڭگودىكى ئۆزگىچە ئاخبارات مۇكاپات تۇرى —2005 ـ يىللىق جۇڭگودىكى جىنسىي باراۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىنى مۇكاپاتلاش ۋە باھالاشتا بۇ شان ـ شەرەپكە ئېرىشتى. باھالاش ھەيئىتىدىكىلەر «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» نىڭ رايون ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئايال مۇخبىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋي مەدەنىيەتنى پىششىق چۈشىنىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتنىڭ بۇرۇلۇش مەزگىلىدىكى تۇرمۇش، نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتى ۋە پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش قاتارلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە خەۋەر بەردى. بۇ ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ جىنسىي باراۋەرلىككە بولغان تونۇشى ئۆستى.

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن قۇربان ھېيت ھارپىسىدا، ما شۈۋشىن، ما ئەنتەي، ئابدۇللا داموللا، ئابدۇرېقىپ داموللا، شېرىپجان داموللا قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى يوقلىدى ھەم ئۇلاردىن ھال سورىدى. ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)، شىنجاڭ ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ھال سوراشتا بىرگە بولدى.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، بوشلۇقتىكى پولات سىمدا 38 كۈن تۇرغان، ئىككى تۇردە دۇنيا جىنس رېكورتىنى يېڭىلاپ، بەش تۇردە دۇنيا جىنس رېكورتىنى ياراتقان شىنجاڭ سىرىك ئۆمىكىنىڭ دارۋازى ئابلەت مەجۇنگە «پەلەك ئەركىسى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى ھەم 10 مىڭ يۈەن بىلەن مۇكاپاتلىدى.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى بۇددا دىنى جەمئىيىتى چىڭچۈەن بۇتخانىسىدا 4 ـ نۆۋەتلىك 5 ـ يىغىنىنىڭ مۇدىر ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى.

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، قەشقەر ۋىلايىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەردىن ھال سوراش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. 1982 ـ يىلىدىن بۇيان گوۋۇيۈەننىڭ، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇنەۋۋەر شەخسلەردىن بايراملىق ھال سورىدى.

1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، كۇچا ناھىيىسىنىڭ

ئاغى يېزا لەڭگەر كەنتىدىكى قادىر بوۋاينىڭ ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كەنتكە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىنى 39 يىل خاتىرىلىگەن 1026 پارچە كۈندىلىك خاتىرىسى تىياتىر قىلىپ ئىشلىنىپ، بېيجىڭ جۇڭگو تىياتىرخانىسىدا قويۇلدى، ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى خۇ جىنتاۋ تەكلىپ بىلەن بېيجىڭغا كەلگەن 72 ياشلىق قادىر بوۋاي بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. دىن تەزكىرىسى»نىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك تەھرىر ھەيئىتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا چاقىرىلدى. يىغىندا «دىن تەزكىرىسى» نى يېزىش خىزمەت لايىھىسى ماقۇللاندى. 2006 ـ يىللىق «دىن تەزكىرىسى»نىڭ دەسلەپكى ئورگىنالىنى تاماملاش خىزمەت نىشانى بېكىتىلدى، «دىن تەزكىرىسى» مۇندەرىجىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە تۈزىتىلدى.

## 2 ـ ئاي

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تۈنجى بولۇپ 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ۋەكىللىرىنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ ئۇيۇشتۇرۇپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، دالىيەن، چىڭداۋ، شاڭخەي، خاڭجۇ، نىڭبو، نەنجىڭ قاتارلىق 11 شەھەردىكى 15 نۇقتا سىنىپىدىكى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى ھەم مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈردى.

2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ ۋېي، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) ئورگىنىغا كېلىپ، 2006 ـ يىللىق ھەج خىزمىتى ئۆمىكىدىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)دىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلاردىن سەممىمىي ھال سورىدى ۋە 2006 ـ يىللىق شىنجاڭ ھەج خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتى.

2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 24 ـ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇزاكىرە قىلىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىش لايىھىسى»نى ماقۇللىدى.

2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق خىزمەت يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا «ئومۇمىي قائىدە»، «يەككە تۈرلەر قائىدىسى»، تەييارلىق خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى، تەشۋىقات لايىھىسى ۋە تەشۋىقات شوئارى بېكىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت ـ تارىخ تەتقىقات ئورنىدىكى ئاتاقلىق تەرجىمان ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلىپ تەھرىرلىگەن، خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «تاڭ شېئىرلىرىدىن 300 پارچە» مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم

رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى يازغۇچىلار ، شائىرلار ھەممە ھەرقايسى ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى قاتناشتى . «تاڭ شېئىرلىرىدىن 300 پارچە » گە لى بەي ، دوفۇ ، بەي جۈيى قاتارلىق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 62 شائىرنىڭ 310 پارچە شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن . بۇ بۇگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تاڭ شېئىرلىرىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدەك بوشلۇقنى تولدۇردى .

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە ، شىنجاڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەشكىللىگەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىلىق ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ، چۆچەك ، ئالتاي ، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت ، ئوبلاستلىق ساياھەت ئىدارىلىرىنىڭ ئالتە نەپەر مەسئۇلى مەركىزىي مىللەتلەر كادىرلار ئىنىستىتۇتىغا بېرىپ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان 22 كۈنلۈك مىللىي رايونلارنىڭ ساياھەتچىلىكىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇش تەربىيىلەش سىنىپىغا قاتناشتى .

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ، بەش كۈن داۋام قىلغان قەشقەر ۋىلايەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي تەنتەربىيە يىغىنى پوسكام ناھىيىسىدە ئېچىلدى . تاشقورغان ناھىيىسىدىن باشقا 11 ناھىيە ( شەھەر ) تەنھەرىكەتچىلىرىنى ئەۋەتىپ مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى . بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئوغلاق تارتىشىش ، ئات بەيگىسى ، ئات يورغىلىتىش ، چېلىشىش قاتارلىق بەش چوڭ تۈر تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن 330 نەپەر تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى .

2 ـ ئايدا ، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى پارتىيىنىڭ ئىلغارلىق تەربىيىسى پائالىيىتىدە پارتىيىنىڭ مىللەت ، دىن سىياسىتى بويىچە تەربىيىلەش چىڭ تۇتۇلدى . لېكسىيە ئاڭلاشقا جەمئىي بەش مەيداندا 1500 دىن ئارتۇق ئادەم بىۋاسىتە قاتناشتى . بۇ قېتىمقى لېكسىيە ئارقىلىق «تۆتنى قوغداش » ، «تۆتنى تونۇش » ئېدىيىسى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ بەلگىلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى .

2 ـ ئايدا ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشى يېقىندا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى . تۇنجى قېتىم جۇڭگوچە داۋالاش نەزەرىيىسى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋىي دورىگەرلىكى قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك مەزمۇن مەزكۇر ناھىيىنىڭ غەيرىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى .

2 ـ ئايدا ، شىنجاڭ ئۇيغۇر دورىگەرلىكى مەسئۇلىيەت چەكلىك شىركىتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر دورا ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بازا قۇرۇلۇشى ھەمدە ئىمپورت قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلىدىغان بۇيۇملارنى ئۆلچەملىك ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى » ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ، ئوقۇتۇش ، تەتقىقات تۈرى «ئۇيغۇر دورىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە كېڭەيتىش » قاتارلىق ئىككى تۈر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېببىي دورىگەرلىك كەسپى بويىچە «11 ـ بەش يىللىق » يىرىك پىلان تۈرىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ جۇڭگوچە دورا ماتېرىياللىرىنى قوللاش مەبلىغىدىن 1 مىليون 300 مىڭ يۈەنلىك مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشتى . بۇ جۇڭگوچە دورا ماتېرىياللىرىنى قوللاش ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 7% نى ئىگىلەيدۇ .

**مۇنەۋۋەر ئابدۇللا تەرجىمىسى**
تەھرىرلىگۈچى: **قۇربان مۇھەممەت**

# مىللەت، دىن خىزمىتى سۈرەتلىرى



2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجىنچياڭنى باشلاپ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركەز مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. (لۇجيەن فوتوسى)



2005 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى (دىن ئىشلىرى ئىدارىسى) پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجىنچياڭنى باشلاپ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك دىن ئىشلىرى نازارەت، ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە دىن خىزمىتى ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. (لۇجيەن فوتوسى)



دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شياۋۋېن (سولدىن 1 - كىشى) ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاپپار ھەبىبۇللا (ئوڭدىن 2 - كىشى) بىلەن سۆھبەتلەشتى. لۇجيەن فوتوسى)



2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجىنچياڭ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان قازاق ئوقۇغۇچى سىرەمخاننى يوقلىدى. مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا، سىرەمخان بۇلتۇر 9 - ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بارغان. (لۇجيەن




2006 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، سانجى شەھىرى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا پۈتۈن شەھەردىكى 82 دىنىي پائالىيەت سورۇنىدىن كەلگەن 160 تىن كۆپ دىنىي زات ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ

# مەنىۋي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىدە يېڭى، مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى

—— كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزنىڭ مەنىۋي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتى ئالبومى




2006 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىز ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن» ۋېۋىسكىسىنى ئېسىش ۋە مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: كومىتېت (ئىدارە) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجېنچياڭ (سول تەرەپ) بىلەن مۇئاۋىن مۇدىر رېشىت نىياز (ئوڭ تەرەپ) يوپۇق ئېچىۋاتىدۇ.






كومىتېت (ئىدارە) رەھبەرلىرى «مەدەنىي باشقارما، ئىشخانا» لارغا مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.



يوپۇق ئېچىش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كومىتېت (ئىدارە) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجېنچياڭ «11 ـ بەش يىللىق» پىلان مەزگىلىدىكى كومىتېت (ئىدارە) ئورگىنىمىزنىڭ مەنىۋي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.




«مەدەنىي باشقارما، ئىشخانا» شەرىپىگە ئېرىشكەن باشقارما، ئىشخانا ۋەكىللىرى.



كومىتېت (ئىدارە) پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ليۇجېنچياڭ (ئوڭ تەرەپ) كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ فاڭيىن (سول تەرەپ) بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاۋاتىدۇ.